

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى

# ئالتۇن يارۇق

回鹘文《金光明经》

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# 整理者

这部书是新疆维吾尔自治区少数民族古籍搜集整理出版规划领导小组办公室“七五”出版计划项目。1992 年整理完毕并计划出版。由于该书篇幅大，印数少，成本较高，经费困难，一直难以出版。在新疆维吾尔自治区少数民族古籍办和新疆人民出版社的共同努力下，国家民委全国少数民族古籍整理研究室，中国维吾尔历史文化研究学会及中央民族大学少数民族语言文学学院在经费上给予了大力支持，现该书终于出版面世同广大读者见面了。

这部书的顺利出版，曾得到广大同仁者的有力支持和帮助。

新疆少数民族古籍办公室负责人艾合买提·依米提先生，在该书的出版、编辑、校对等方面无私援助，在技术上进行指导，使该书能高质量、高标准的出版也有他的汗水和辛劳。

新疆人民出版社阿不来提·依明、买买提吐尔地·米尔孜艾合买提等先生在该书的出版工作方面给予了积极配合。

中国维吾尔历史文化研究学会名誉主席蔡冠深先生在出版方面给予了大力支持。

中央民族大学少数民族语言文学学院的领导也给予了大力的支持。

同时向给予关心支持和帮助的有关单位和个人表示衷心的感谢和诚挚的敬意。

由于客观原因，该书有可能出现一些不慎之处，我们诚挚地希望读者给予批评指正。

# نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

بۇ ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ 7 - بەش يىللىق نەشر قىلىش پىلانىغا ئاساسەن بىزگە ئۇيۇشتۇرۇلغان. بىز بۇ ئەسەرنىڭ نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىنى 1992 - يىلى تاماملاپ، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا تاپشۇرغانىدۇق. بىراق بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى چوڭ، تىرازى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، راسخوت جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنالماي كەلگەنىدى. بۇ قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بۇ كىتاب نەشردىن چىقىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ئەخمەت ھىمىت ئەپەندى بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىدىكى تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، ئەسەرنىڭ سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. ئەسەرنى بىرقانچە قېتىم كۆرۈپ، تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق جەھەتتىكى تېخنىكىۋى ئىشلارنى ئىنچىكە ئىشلىدى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئابلەت ئىمىن، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت قاتارلىق يولداشلار كىتابنىڭ نەشرىياتتىكى خىزمەتلىرىنى جىددىي ۋە ئەستايىدىل ئىشلىدى.

جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى سەي گۇەنشىن ئەپەندى بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىدىكى مەسئۇل يولداشلار بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ياردەمدە بولدى.

بىز كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە كۈچ چىقارغان، كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ياردەم بەرگەن بارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.

ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىتابنىڭ بۇ نەشرىدە سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى

# ئالتۇن يارۇق

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش ،
رەتلەش ، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە ئۇيۇشتۇرغان


نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : تۇرسۇن ئايۇپ
مۇھەممەترېھىم سايىت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

回鹘文《金光明经》/吐尔逊·阿尤甫,买提热依木·莎依提 整理. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8

ISBN 7-228-06622-7

Ⅰ.回... Ⅱ.①吐... ②买... Ⅲ.维吾尔族—民族文化—文化史—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K281.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 056886 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
技术编辑：艾合买提·依米提
责人校对： 阿达来提·马合苏提

回鹘文《金光明经》

新疆维吾尔自治区少数民族古籍搜集整理出版规划领导小组办公室组织整理
吐尔逊·阿尤甫,买提热依木·莎依提 研究整理
伊斯拉菲尔.玉苏甫 校勘

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
华清科技印务公司印刷厂印刷
787×1092 毫米 16 开本 38.625 印张 4 插页
2001 年 8 月 第 1 版 2001 年 8 月 第 1 次印刷
印数：1-1000

ISBN 7-228-06622-7/K.940 定价：

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................................................ 1
ئۇما قۇك ( ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست ۋە يەشمە ) .................................. 1
سۆزلۈك ........................................................................ 493
ئىزاھات ........................................................................ 549
قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى « ئالتۇن يارۇق » نىڭ ئەسلى قولىيازمىسىدىن ئىككى بەتنىڭ فاكسىمىلى ........................................................ 575
قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى « ئالتۇن يارۇق » نىڭ مىخ مەتبەئە نۇسخىسى 5 - جىلدىنىڭ فاكسىمىلى .......................................... 577

# مۇقەددىمە

## I

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق. تارىخىي مەنبە ۋە ھازىرقى زامان پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن مەدەنىيەت تارىخى تەخمىنەن مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. بۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپە داۋامىدا، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئاساسلىقى قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى (ياكى خاقانىيە يېزىقى) ۋە چاغاتاي يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئىشلىتىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرغان. بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە، بۇددىزم شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن يازما يادىكارلىقلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇددىزم مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە، تۇرپان بۇددىزم يازما يادىكارلىقلىرى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى جى شيەنلىن: «شىنجاڭ بىر گۆھەر جاي ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلدىم. بۇنداق جاي جۇڭگودا بىر، دۇنيادىمۇ بىر». «شىنجاڭنى نېمە ئۈچۈن گۆھەر جاي دەيمىز؟» «دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ، قەدىمكى يۇناننىڭ ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى ئۈچ چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. شىنجاڭ بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقان، قوشۇلغان جايى ھېسابلىنىدۇ». «ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام سىستېمىسىدىكى تىللار، باشقا نۇرغۇن تىللار بىلەن شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايدا تاپقىلى بولمايدۇ». «ئەدەبىيات ـ سەنئەت، دىن جەھەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. دۇنيادىكى ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ دىنمۇ شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ» ①. دەپ كۆرسىتىدۇ. جى شيەنلىن ئەپەندى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئۈچ خىل مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، ئۈچ چوڭ دىننىڭ شىنجاڭدا ئۇچرىشىشىنى زامان، ماكان، شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىشتە تۇرپان ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

تۇرپان قەدىمدىن تارتىپ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بىر جاي ئىدى. دۇنيا مەرىپەت تارىخىدا غايەت زور رول ئوينىغان يىپەك يولى ئېچىلغاندىن تارتىپ، تۇرپان ئىزچىل تۈردە بۇ يول ئۈستىدىكى بىر نۇرلۇق چىراغ بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سودا ئالاقىسىنىڭ راۋان ئېلىپ بېرىلىش يولىنى يورۇتۇپ كەلگەنىدى. تۇرپاننىڭ بۇ خىل ئېچىۋېتىلگەن ئورنى ئۇنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە يۈكسەك تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى خېلى بۇرۇنلا تۇرپان

① جى شيەنلىن: «تۇخار تىلى ۋە نىيە تىلى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1980 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ سان.

ئويمانلىقىدا ياشىغان. مىلادىيە V ئەسىرگە كەلگەندە كۆپىيىشكە ۋە باشقا خەلقلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشكە باشلىغان. بۇ هال ئېلىمىزنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، قوچۇ تەزكىرىسى»، «سۇي سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ۋە «قوچو تەزكىرىسى» دە ئېنىق خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 840 ـ يىلى، تارىختا بىر ئەسىرچە دەۋران سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەربات بولۇپ، پان تېكىن باشچىلىقىدىكى 13 ئۇيغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچكەن ۋە ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەرلىكلەرگە قوشۇلۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغاندى.

تارىختىن مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندى. تۇرپان بولسا پان تېكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىشتىن خېلى ئىلگىرىلا بۇددا دىنىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى دەۋرىدە، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى ئاساستا تېزدىن تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە، «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىلىم ئەھلى قوچو ۋە بېشبالىقتا توخار ۋە سانسكرىت، خەنزۇ تىللىرىدىن مەشھۇر بۇددا نوملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، خەنزۇچىدىن پەلسەپە، ئىدىيە ۋە هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغاندى ①.» بىز كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرماقچى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» مانا شۇنداق تارىخىي شارائىتتا ۋۇجۇدقا چىققان.

## II

«ئالتۇن يارۇق» بۇددىستلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇلار چوقۇنىدىغان بۇددا نومى، مەزمۇن جەھەتتىن ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ulugh kölüngü — چوڭ هارۋا، خەنزۇچىدا 大乘 دېيىلىدۇ) مەزھىپىگە ئائىت ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق ئاتىلىشى « altun önglüg yaruq yaltrïqligh qopta kötrülmish nom iliki atlgh nom bitik » ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك» بولۇپ، خەنزۇچە تولۇق ئاتىلىشى «金光明最胜王经»، «ئالتۇن يارۇق — 金光明经» ئۇنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى. ئەسەرنىڭ سانسكرىت (قەدىمكى ھىندى) چە نامى suvarnaprabhasa دۇر.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىنى (تۆۋەندە «ۋېنشۇگۇ نۇسخىسى» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدى) روسىيە ئالىمى س. مالوف ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن رايونىدىكى يۇگۇ (سېرىق ئۇيغۇر) رايونىدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. مالوفنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 1909 — 1911 ـ يىللىرى روسىيىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى ئۆگىنىش كومىتېتى» نىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ 1910 ـ يىلى 3 ـ مايدا، گەنسۇ جيۇچۈەندىكى ۋېنشۇگۇ دېگەن جايدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن 235 ياپراق (470 بەت)، 1910 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىردە ۋېنشۇگۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باشلىقى لى دىڭباڭدىن 132 ياپراق (264 بەت)، 1910 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دوتېيى يۇدۇڭدىن 30 ياپراق

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 6 ـ بەت.

(60 بەت ) قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقنى قولغا چۈشۈرگەن . كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ كۆپى «ئالتۇن يارۇق » نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى تەرجىمىسى بولۇپ چىققان . ① ھازىر بۇ نۇسخا روسىيە سانكىت ـ پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قوليازمىلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا . ئۇنىڭدىن باشقا ، شىۋېتسىيە ئارخېئولوگى بېرگمان 1927 ــ 1935 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا گەنسۇدىن « ئالتۇن يارۇق » تىن ئىككى ياپراق (تۆت بەت ) نى تاپقان . پىرۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1913 ــ 1914 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا شىنجاڭدىن «ئالتۇن يارۇق » نىڭ قىسمەن قىسىملىرىنى قولغا چۈشۈرگەن . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ ياغاچ ئويما نۇسخا ئىكەن.

«ئالتۇن يارۇق » نىڭ « ۋېنشۇگۇ نۇسخىسى » چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى ( مىلادىيە 1687 ـ يىلى ) ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق دۇنخۇاڭ شەھىرىدە، بىلگە تالۇي شابى، راتنا ۋاچرا شابى، چاخشاپات ماڭگال تويىن، چاخشاپات ماڭگال ئىسداۋرى تويىن، سۇۋاسدى تويىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن تېخىمۇ كونا نۇسخىدىن كۆپەيتىپ كۆچۈرۈلگەن.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ « ۋېنشۇگۇ نۇسخىسى » نىڭ قەغەزى سېرىق، كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر ياپراقنىڭ چوڭلۇقى 23 × 62 س م، زور كۆپچىلىك بەتلەرگە 23 ، 24 قۇردىن، ئايرىم بەتلىرىگە 22 ، 25 ، 26 قۇردىن خەت يېزىلغان. بىرىنچى بېتىگە «ناموقۇڭ» دېگەن ئىككى سۆزلا يېزىلغان. كېيىنكى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشتىن مەلۇم بولدىكى، ئەسەرنىڭ « ۋېنشۇگۇ نۇسخىسى » ئەسلىدىكى نۇسخىدىن 28 ياپراق (56 بەت ) كەم . ئەسەرنىڭ ھەر بىر تۇپلەمدىكى كەم ياپراقلىرى تۆۋەندىكىچە : ئۈچىنچى تۇپلەمدىن ئىككى ياپراق (تۆت بەت ) ، تۆتىنچى تۇپلەمدىن ئىككى ياپراق (تۆت بەت ) ، ئالتىنچى تۇپلەمدىن ئۈچ ياپراق (ئالتە بەت ) ، يەتتىنچى تۇپلەمدىن بىر ياپراق (ئىككى بەت ) ، سەككىزىنچى تۇپلەمدىن بەش ياپراق (ئون بەت ) ، توققۇزىنچى تۇپلەمدىن 11 ياپراق (22 بەت ) ، ئونىنچى تۇپلەمدىن تۆت ياپراق (سەككىز بەت ) كەم.

ئەسەرنىڭ رادلوف بىلەن مالوف قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلدۇرغان مەتبەئە نۇسخىسى كىرىش بۆلەك، ئون تۇپلەم ۋە ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان «بۇيان ئەۋرىمەك » ( ساۋابنى باشقىلارغا بېغىشلاش ) دىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە كىرىش بۆلىكىگە كىرگۈزۈلگەن Tört mxaranch tngrilärkä turma birgü ـ تۆت ماخاراج تەڭرى ئۇچۇن قۇربان بولۇش (26 ـ بەت 17 ـ قۇردىن 30 ـ بەت 9 ـ قۇرغىچە ) دېگەن قىسمى تانۋاسىن ئاچارى تەرىپىدىن تىبەت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، säkiz ulugh orunlartaqï chaytilarnïng ögdisi «سەككىز ئۇلۇغ يەردىكى زىيارەت ئورۇنلىرىنىڭ مەدھىيىسى » (30 ـ بەت 10 ـ قۇردىن 34 ـ بەت 16 ـ قۇرغىچە ) ئاموگاشىرى ئاچارى تەرىپىدىن سانسكرىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە بەزى تۇپلەم ياكى بۆلەكلەردىن كېيىنكى خاتىمىلەر «ئالتۇن يارۇق » نى كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغاندىن باشقا، قالغان قىسىملارنىڭ ھەممىسى سىڭقۇسەلىنىڭ ئۆز قولىدىن چىققان.

ئەسەردە، گەرچە « : » ، « : : » قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بەلگىلەرنىڭ قوللىنىلىشىدا تۇراقلىق قائىدە يوق. ئۇنىڭدا، سۇترا ناملىرى، بۇت، بودىساتۋالار ناملىرى، شۇنداقلا مۇھىم دەپ ھېسابلانغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئاستىغا مۇھىملىق ۋە تەكىتلەش

① مالوف: «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قوغۇشۇن مەتبەئە نۇسخىسىدا يېزىلغان مۇقەددىمىسى .

مەنىسىدە سىزىق سىزىلغان. كۆپچىلىك تۇپلەمنىڭ باش قىسمىغا بۇتىنىڭ سۇرىتى چۈشۈرۈلگەن.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ يازمىلىرى بىلەن ئىلىم ساھەلىرىنىڭ ئۇچرىشىش پۇرستى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئىزچىل تۇردە مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. گېرمانىيە ئالىمى ف.ۋ.ك موللېر 1908 ـ يىلى گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان «ئالتۇن يارۇق» يازمىسىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ كىرىش بۆلىكىنى ۋە 16 ـ، 17 ـ بۆلەكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. 1913 — 1914 ـ يىللىرى رادلوف بىلەن مالوف ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى قوغۇشۇن مەتبەئە نۇسخىسى (مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ باسما نۇسخىسى بىلەن ئەسلىي نۇسخىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ئەسلىي نۇسخىمۇ ئىملا جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق يېزىلغانىكەن) نى باستۇرغاندىن كېيىن 1930 ـ يىلى گېرمانىيە ئالىمى بانگ بىلەن گابائىن، 1941 ـ يىلى گابائىن، 1945 ـ يىلى تۇركىيە ئالىمى سائادەت چاغاتاي، 1951 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى مالوف، 1958 ـ يىلى ۋە 1961 ـ يىلى، 1966 ـ يىلى تۇركىيە ئالىمى شىناسى تېكىن، 1977 ـ يىلى سابىق شەرقىي گېرمانىيە ئالىمى پ. تسىمې، 1979 ـ يىلى سابىق غەربىي گېرمانىيە ئالىمى ك. روربورن بىلەن د. ماۋىي قاتارلىقلار «ئالتۇن يارۇق» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلەك ياكى پارچىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى.

مەملىكىتىمىزدە «ئالتۇن يارۇق» قا بولغان تەتقىقات ۋە ئۆگىنىش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشلانغانىدى. قەدىمكى تۈرك، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور تۆھپە كۆرسەتكەن ئېلىمىز ئالىمى گېڭ شىمىن 1958 ـ يىلدىن باشلاپلا «ئالتۇن يارۇق» نى تەتقىق قىلىشنى باشلىغان. ئۇ 1978 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تەرجىمانى سىڭقۇ سەلى» دېگەن ماقالىسىنى «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىپ، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئاپتورى سىڭقۇ سەلىنىڭ ھاياتى ۋە تەرجىمە ماھارىتىنى تونۇشتۇردى. 1980 ـ يىلى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 9 ـ تۇپلىمىدىكى « ئۇداكانىساندى ئوغۇلنىڭ ئىش ئەمەللىرىنى ئۇقتۇرماق udakanis urïnïng ishin kötügün uqïtmaq » دېگەن 25 ـ بۆلەكنىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قىلىپ باستۇردى (ماي باسما). 1986 ـ يىلى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئالتىنچى تۇپلىمىدىكى « تۆت ماھاراج تەڭرىنىڭ يەر ـ زېمىننى مۇھاپىزەت قىلىشى tört mxaranch tngrilär yirtinchüg kösätmäk » دېگەن 12 ـ بۆلىكىنىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى.[1] ئۇنىڭدىن باشقا، 1984 ـ يىلى نەشردىن چىققان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن) دا «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 26 ـ بۆلىكىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بېرىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ ئوقۇغۇچىسى جاڭ تېشەن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئالتىنچى بۆلىكى («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1988 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا)، يەتتىنچى بۆلىكى (يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 1990 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا)، سەككىزىنچى بۆلىكى (بىر قىسىم) («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1990 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا) تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. 1989 ـ يىلى پروفېسسور گېڭ شىمىننىڭ تەتقىقاتچى

---

① «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، تىل ـ ئەدەبىيات ئالاھىدە سانى، 1986 ـ يىللىق 3 ـ سان.

ئوقۇغۇچىسى ئەركىن «ئالتۇن يارۇق » نىڭ 13 ـ ۋە 30 ـ بۆلەكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قىلىپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە قىلىپ تاپشۇردى. ئالدىنقىلارنىڭ «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بىزنىڭ بۇ ئەسەرنى باشتىن ـ ئاخىر ئىشلەپ چىقىشىمىزنى ئىمكانىيەت ۋە تەجرىبە بىلەن تەمىن ئەتتى.

«ئالتۇن يارۇق » ئەينى ۋاقىتتىكى بۇددىستلار ئارىسىدا «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى » دەپ تونۇلغان بۇددا نومى بولغاچقا، بۇددىستلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان ۋە ئۇلارنىڭ قاتتىق ئېتىقادىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تىبەت، مانجۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئالتۇن يارۇق » تا بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان ۋە ئىزاھلانغاندىن باشقا، يەنە بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ھېكايىلەرمۇ سۆزلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئىگىلەپ چىقىشىمىزچە، پۈتكۈل ئەسەرنىڭ مۇندەرىجىسى تۆۋەندىكىچە:

| تۈپلەم | بۆلەكلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى | بەت سانى | تەرجىمىسى | خەنزۇچىسى |
|---|---|---|---|---|
| بىرىنچى تۈپلەم | Süü ülüsh<br>(بۇ بۆلەك ئەسەرنىڭ كىرىش بۆلىكى بولۇپ، ئۇ سۆز بېشى ۋە «ئالتۇن يارۇق » قا دائىر ئىككى ھېكايىدىن تەركىب تاپقان ) | 1 ـ بەت 2 ـ قۇردىن 24 ـ بەت 24 ـ قۇرغىچە | كىرىش بۆلەك | يوق |
| | tört mxaranch tngrilärkä turma birgü | 1 ـ بەت 25 ـ قۇردىن 30 ـ بەت 9 ـ قۇرغىچە | تۆت ماھاراج تەڭرى ئۈچۈن قۇربان بولۇش (بىرىنچى بۆلەك ) | يوق |
| | säkiz ulugh orunlartaqï chaytïlarnïng ögdisi | 10 ـ بەت 30 ـ قۇردىن 34 ـ بەت 16 ـ قۇرغىچە | سەككىز ئۇلۇغ يەردىكى زىيارەت ئورۇنلىرىنىڭ مەدھىيىسى (ئىككىنچى بۆلەك ) | يوق |
| ئىككىنچى تۈپلەم | kirtüdin kälmişlärning üq ät'özin adïrtlamaq | 5 ـ بەت 36 ـ قۇردىن 92 ـ بەت 3 ـ قۇرغىچە | ھەقىقىيلىقتىن كەلگەنلەرنىڭ ئۈچ ئەتئۆزىنى پەرقلەندۈرمەك (ئۈچىنچى بۆلەك ) | 分别三身品 |
| | tültä altun köwrük körüp kshanti qïlmaq törtinch bölük | 4 ـ بەت 92 ـ قۇردىن 126 ـ بەت 5 ـ قۇرغىچە | چۈشىدە ئالتۇن دۇمباق كۆرۈپ كىشانتى قىلماق (دېگەن ) تۆتىنچى بۆلەك | 梦见忏悔品 |

| تۆپلەم | بۆلەكلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى | بەت سانى | تەرجىمىسى | خەنزۇچىسى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈچىنچى تۆپلەم | qïlïnch adartmaqïn öqürmäk atlgh nom yürükin uqïttachï bishinch bölük | 130 ـ بەت 2 ـ قۇردىن 199 ـ بەت 14 ـ قۇرغىچە | ئىش ـ ئەمەللەرنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىنى ئۆچۈرمەك ناملىق نومنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇردىغان بەشىنچى بۆلەك | 灭业障品 |
| تۆتىنچى تۆپلەم | arïgh yir orunlar sayuqï drni tigmä tutruq nomlarïgh bodi tigmä tuyunmaq köngülüg uqïtmaq atlgh altïnch bölük | 201 ـ بەت 4 ـ قۇردىن 343 ـ بەت 1 ـ قۇرغىچە | پاكىز ـ يەر ئورۇنلارغا دارنى دېيىلگەن مۇھىم نوملارنى ۋە بودى (ئاڭ) دېيىلگەن تۇبۇنغۇچى كۆڭۈلنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق ئالتىنچى بۆلەك | 净地陀罗尼品 |
| بەشىنچى تۆپلەم | linxua chächäk yöläshürüki üzä ögmäk atlgh yitinch bölük | 345 ـ بەت 4 ـ قۇردىن 355 ـ بەت 4 ـ قۇرغىچە | نىلۇپەر گۈلى تەمسىلى بىلەن مەدھىيىلىمەك ئاتلىق. يەتتىنچى بۆلەك | 莲花喻赞品 |
| | turg altun drnïgh uqïtmaq atlgh säkzinch bölük | 355 ـ بەت 4 ـ قۇردىن 362 ـ بەت 17 ـ قۇرغىچە | ساپ ئالتۇن دارنىنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق سەككىزىنچى بۆلەك | 金胜陀罗尼品 |
| | yoq qurugh tözin uqïtmaq atlgh toquzunch bölük | 362 ـ بەت 17 ـ قۇردىن 371 ـ بەت 17 ـ قۇرغىچە | يوق ـ قۇرۇقنىڭ ماھىيىتىنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق توققۇزىنچى بۆلەك | 重显空性品 |
| | yoq qurugh tözüngä tayanïp kösämish kösüshüg qanturmaq atlgh onunch bölük | 371 ـ بەت 17 ـ قۇردىن 398 ـ بەت 18 ـ قۇرغىچە | يوق ـ قۇرۇق ماھىيىتىگە تايىنىپ كۆزلىگەن ئارزۇنى قاندۇرماق ئاتلىق ئونىنچى بۆلەك | 依空满愿品 |
| | tört mxaranch tngrilär tngri yalanguq quwraqïn körmäk atlgh bir ygrmi bölük | 398 ـ بەت 18 ـ قۇردىن 403 ـ بەت 15 ـ قۇرغىچە | تۆت ماھاراج تەڭرىنىڭ تەڭرى ۋە ئىنسان جامائىتىنى كۆرۈشى ئاتلىق ئون بىرىنچى بۆلەك | 四天王观察人天品 |
| ئالتىنچى تۆپلەم | tört mxaranch tngrilär yirtinchüg közsätmäk atlgh iki ygrminch bölük | 404 ـ بەت 1 ـ قۇردىن 458 ـ بەت 15 ـ قۇرغىچە | تۆت ماھاراج تەڭرىنىڭ يەر ـ زېمىننى مۇھاپىزەت قىلىشى ئاتلىق ئون ئىككىنچى بۆلەك | 四天王护国品 |

| خەنزۇچىسى | تەرجىمىسى | بەت سانى | بۆلەكلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى | تۈپلەم |
|---|---|---|---|---|
| 无染著陀罗尼品 | بۇلغانمايدىغان دىيىلگەن دارنى نومنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق ئون ئۈچىنچى بۆلەك | 459 ـ بەت 2 ـ قۇردىن 465 ـ بەت 4 ـ قۇرغىچە | ilinmäksiz tigmä drni nomugh uqïtmaq atlgh üch ygrmi bölük | يەتتىنچى تۈپلەم |
| 如意宝珠品 | چىنتامانى ئاتلىق دارنى نومنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق ئون تۆتىنچى بۆلەك | 465 ـ بەت 5 ـ قۇردىن 473 ـ بەت 9 ـ قۇرغىچە | chintamani atlgh drni nomugh uqïtmaq atlgh tört ygrmi bölük | |
| 大辩才天女品之一 | ساراسۋاتى ئاتلىق تەڭرى قىزىنىڭ ئۆتۈنۈش ئۆتۈنۈشى ئاتلىق ئون بەشىنچى بۆلەك ( I ) | 473 ـ بەت 10 ـ قۇردىن 497 ـ بەت 23 ـ قۇرغىچە | saraswati atlgh tngri qïzï ötük ötünmäk atlgh bish ygrminch bölük ( I ) | |
| 大辩才天女品之二 | | 499 ـ بەت 1 ـ قۇردىن 512 ـ بەت 15 ـ قۇرغىچە | (ئون بەشىنچى بۆلەك II نىڭ تېمىسى بار بېتى ئۈچۈپ كەتكەن) | |
| 大吉祥天女品 | شىرىكىنى ئاتلىق تەڭرى قىزىنىڭ ئۆتۈنۈش ئۆتۈنۈشى ئاتلىق ئون ئالتىنچى بۆلەك | 512 ـ بەت 16 ـ قۇردىن 518 ـ بەت 5 ـ قۇرغىچە | shirikini atlgh tngri qïzï ötük ötünmäk atlgh altï ygrminch bölük | سەككىزىنچى تۈپلەم |
| 大吉祥天女增长财物品 | شىرىنىكى قۇت تەڭرى خاتۇنىنىڭ مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىشى ئاتلىق ئون يەتتىنچى بۆلەك | 518 ـ بەت 5 ـ قۇردىن 527 ـ بەت 10 ـ قۇرغىچە | shiriniki qut tngri qatunï äd tawarïgh östämäk atlgh yiti ygrminch bölük | |
| 坚牢地神品 | ۋاسۇندارى ئاتلىق يەر ئىلاھىنىڭ ئۆتۈنۈش ئۆتۈنۈشى ئاتلىق ئون سەككىزىنچى بۆلەك | 527 ـ بەت 11 ـ قۇردىن 538 ـ بەت 1 ـ قۇرغىچە | wasundari atlgh yir qatunï ötük ötünmäk atlgh säkiz ygrminch bölük | |
| 僧慎尔耶乐叉大将品 | سانچاناچاۋى ئاتلىق تەڭرىلەر ئورۇنگۇتى (سەركەردىسى) نىڭ ئۆتۈنۈش ئۆتۈنۈشى ئاتلىق ئون توققۇزىنچى بۆلەك | 538 ـ بەت 2 ـ قۇردىن 546 ـ بەت 6 ـ قۇرغىچە | sanchanachawi atlgh tngrilär orungutï ötük ötünmäk atlgh toquz ygrminch bölük | |
| 王法正论品 | ئىلىك ـ خانلارنىڭ توغرا قانۇن ـ قائىدىلىرىنى ئېيتماق ئاتلىق يىگىرمىنچى بۆلەك | 546 ـ بەت 6 ـ قۇردىن 568 ـ بەت 18 ـ قۇرغىچە | iliklär qanlarnïng köni törüsin aymaq atlgh ygrminch bölük | |

| خەنزۇچىسى | تەرجىمىسى | بەت سانى | بۆلەكلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى | تۆپلەم |
|---|---|---|---|---|
| 善生王品 | سۇچاتى ئاتلىق ئىلىك خانىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى ئاتلىق يىگىرمە بىرىنچى بۆلەك | 570 ـ بەت 4 ـ قۇردىن 580 ـ بەت 15 ـ قۇرغىچە | suchati atlgh ilik qannïng tïltaghïn uqïtmaq atlgh bir otuzunch bölük | توققۇزىنچى تۆپلەم |
| 诸天乐叉护持品 | تەڭرىلەر ۋە جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئاتلىق يىگىرمە ئىككىنچى بۆلەك | 580 ـ بەت 16 ـ قۇردىن 584 ـ بەت 12 ـ قۇرغىچە | tngrilär yäklär közätmäk atlgh iki otuzunch bölük | |
| 授记品 | | | (يىگىرمە ئۈچىنچى بۆلەك پۈتۈنلەي يوق) | |
| 除病品 | | 585 ـ بەت 1 ـ قۇردىن 598 ـ بەت 5 ـ قۇرغىچە | (يىگىرمە تۆتىنچى بۆلەكنىڭ باش قىسمى كەم) | |
| 长者子流水品 | ئۇداكانىساندى ئوغلىنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىنى ئۇقتۇرماق ئاتلىق يىگىرمە بەشىنچى بۆلەك | 598 ـ بەت 6 ـ قۇردىن 606 ـ بەت 16 ـ قۇرغىچە | udakanisandi urïnïng ishin kötügün uqïtmaq atlgh bish otuzunch bölük | |
| 舍身品 | | 606 ـ بەت 1 ـ قۇردىن 644 ـ بەت 17 ـ قۇرغىچە | (يىگىرمە ئالتىنچى بۆلەكنىڭ تېما بار باش قىسمى كەم) | ئونىنچى تۆپلەم |
| 十方菩萨赞叹品 | ئون تەرەپتىكى بودىساتۋالارنىڭ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى مەدھىيىلىشى ئاتلىق يىگىرمە يەتتىنچى بۆلەك | 644 ـ بەت 18 ـ قۇردىن 649 ـ بەت 8 ـ قۇرغىچە | ontïn sïngarqï bodistwlar tngri tngrisi burxanïgh ögmäk atlgh yiti otuzunch bölük | |
| 妙幢菩萨赞叹品 | سوماكىتۇ بودىساتۋانىڭ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى مەدھىيىلىشى ئاتلىق يىگىرمە سەككىزىنچى بۆلەك | 649 ـ بەت 9 ـ قۇردىن 653 ـ بەت 7 ـ قۇرغىچە | somatiku bodistw tngri tngrisi burxanïgh ögmäk atlgh säkiz otuzunch bölük | |
| 菩提树神赞叹品 | بودى سۆگەت تەڭرىسىنىڭ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى مەدھىيىلىشى ئاتلىق يىگىرمە توققۇزىنچى بۆلەك | 653 ـ بەت 8 ـ قۇردىن 657 ـ بەت 17 ـ قۇرغىچە | bodi sögüt tngrisi tngri tngrisi burxanïgh ögmäk atlgh toquz otuzunch bölük | |

| تۈپلەم | بۆلەكلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى | بەت سانى | تەرجىمىسى | خەنزۇچىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| ئونىنچى تۈپلەم | saraswati tngri qïzï tngri tngrisi burxanïgh ögmäk atlgh otuzunch bölük | 657 ـ بەت 18 ـ قۇردىن 661 ـ بەت 12 ـ قۇرغىچە | ساراسۋاتى تەڭرى قىزىنىڭ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى مەدھىيىلىشى ئاتلىق ئوتتۇزىنچى بۆلەك | 大辨才天女赞叹品 |
| | bu nom ärdinig tutuzmaq atlgh bir otuzunch bölük | 661 ـ بەت 12 ـ قۇردىن 673 ـ بەت 4 ـ قۇرغىچە | بۇ نوم ـ ئەردىنىنى ھاۋالە قىلماق ئاتلىق ئوتتۇز بىرىنچى بۆلەك | 附属品 |
| | buyan äwirmäk | ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى | ساۋابنى باشقىلارغا بېغىشلىماق | يوق |

«ئالتۇن يارۇق»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىغا تەرجىمە قىلغۇچى بېشبالىقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە كاتتا تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بولۇپ، ئەسەردە ياكى باشقا مەنبەلەردە ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بۇ جەھەتتە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئوخشاشمىغان ئاساسلارغا ئاساسەن، ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىغا قارىتا مۆلچەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق[1]. ئەگەر كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا ئەسلىي نۇسخىدىن ئەينەن (ئىملادا ئۆزگەرتىش قىلماي) كۆچۈرۈلگەن بولسا، ئۇ چاغدا شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىرىنچى، ئەسلىي نۇسخىدا ئىملا جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئىملا خۇسۇسىيەتلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ، يەنى ئىملادا s بىلەن x، s بىلەن z، d بىلەن t، q بىلەن gh، h سۆز ئوتتۇرىدا كەلگەن a، ä بىلەن n تاۋۇشلىرىنىڭ ھەرپلىرى ناھايىتى چەكلىك جايلاردا پەرقلەندۈرۈلگەندىن باشقا، ئومۇمەن پەرقلەندۈرۈلمىگەن. ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ تىلىدا، مەيلى فونېتىكا جەھەتتە بولسۇن، مەيلى لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتتە بولسۇن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى سۆزلەردىكى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقى ۋە بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرىدا كەلگەن d تاۋۇشى ئەسەر تىلىدا ئەسلىنى ساقلىغان ھالەتتە (يەنى d بولسا yغا ئۆزگەرمىگەن ھالەتتە) كۆرۈلىدۇ. سۆز ئاخىرىدا كەلگەن b ئەسەر تىلىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك w گە ئۆزگىرىپ بولمىغان، شۇڭا sab (سۆز) مۇ ئۇچرايدۇ، saw (سۆز) مۇ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ئالدى بىلەن تەۋەلىك Ⅲ شەخس بىلەن تۈرلىنىپ، ئاندىن كېلىش (ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ۋاستە كېلىشتىن

① گېڭ شىمىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›غا تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ. «مىللىي تىل ـ يېزىق»، خەنزۇچە 1979 ـ يىللىق 4 ـ سان، 251 ـ بەت.

باشقا ) بىلەن تۇرلەنسە ، تەۋەلىك بىلەن كېلىش قوشۇمچىلىرى ئارىلىقىدا n تاۋۇشىنىڭ كۆپىيىشىدەك فونېتىك ھادىسە ئەسىر تىلىدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن . ئەسىر تىلىدا چۈشۈم كېلىش ئۈچۈن (تەۋەلىك بىلەن تۇرلەنمىگەن ئىسىملاردا ) ig- ، ïgh- ۋەكىللىكىدىكى بىر يۈرۈش قوشۇمچە ئىشلىتىلگەن. ۋاسىتە كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ قوللىنىلىشىمۇ ئىزچىللىققا ئىگە ۋەھاكازا. ئەسىر تىلىدىكى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ تىلى ھازىر ئالىملار IX ئەسىردە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا پۈتۈلگەن «ئىرق بىتىگ پالنامە» نىڭ تىلىغا، VIII ، IX ئەسىرلەردە توخار تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىلىۋاتقان «مائىترى سىمىت» تىلىغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئۈچىنچى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر بۇددىزمى شارائىتىدىكى تۇرپان تېكىستلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ئالىملار X ئەسىر ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنى ئۇيغۇر بۇددىزمىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى، XI ، XII ئەسىرلەرنى بولسا ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق دەۋرى دەپ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىغا ئاساسەن، بىز سىڭقۇ سەلى « ئالتۇن يارۇق » نى IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى ئارىلىقىدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا كېلىمىز.

« ئالتۇن يارۇق » ھازىرغىچە تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ھەجىم جەھەتتىن ئەڭ زور ، ساقلىنىشى بىر قەدەر تولۇق يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ئالتۇن يارۇق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە ھەر تەرەپلىمىلىكى ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم دەرسلىك بولۇپ قېلىشىنى بەلگىلىگەن، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولى ۋە قىممىتىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ. «ئالتۇن يارۇق» يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى زاماندىكى يىرىك ئەدەبىي ئەسەر تىپىغا كىرىدۇ. كاتتا تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كونا خەنزۇ ئەدەبىي تىلى ئۇسلۇبىدا تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە نومنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىق ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى تەلەپ ۋە يۈكسەك ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «ئالتۇن يارۇق» قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلىرىنى ئۆگىنىشتىمۇ قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## III

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىيالنىڭ تايىنى يوق. «ئالتۇن يارۇق» تىكى مەلۇماتتىن مەلۇمكى، ئۇ بېشبالىقلىق ئۇيغۇر ئالىم. ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «تۇتۇڭ» دېگەن ئاتالغۇنى قوشۇپ ئېيتقىنىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ بۇددا دىنى بويىچە ئەمەل تۇتقان ئەرباب. بىزنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ھەققىدە چىقارغان خۇلاسىمىزغا ئاساسەن، ئۇنى IX – X ئەسىر ئەتراپىدا ياشىغان دېيىشكە بولىدۇ. تەرجىمە تىلىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئۆز ئانا تىلىغا پىششىق بولغاندىن سىرت، خەنزۇ تىلىغا ئۇستا ، شۇنداقلا سانسكرىت، توخار تىللىرىنىمۇ بىلىدىغان تىل ئۇستىسى. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى ھەربىر مىسراسى يەتتە خەتتىن تەركىب تاپقان نەزمىنى ئۇيغۇرچىگە يەتتە

بوغۇملۇق شېئىر شەكلىدە چىرايلىق تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، سىڭقو سەلىنى ئۇيغۇر شې-ئىرىيىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولغان شائىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## IV

بىز «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەشتە، ئەسەرنىڭ رادلوف بىلەن مالوف 1913 ـ 1917 ـ يىللىرى نەشر قىلغان قوغۇشۇن مەتبەئە نۇسخىسىنى ئاساس قىلدۇق. بىز ئەسەرنىڭ پۇتكۇل ترانسكرىپسىيىسىدە ئەينەن ئېلىش بىلەن سۆز ياكى قوشۇمچىلارنىڭ فورما جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاشنى بىرلەشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىشقا باشتىن ـ ئاخىر تىرىشتۇق. ئەينەن ئېلىش ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك، سۆز ياكى قوشۇمچىلارنىڭ فورما جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاش دې-گىنىمىز، سۆز ياكى قوشۇمچىلاردىكى مۇقىم شەكىلنى ساقلاپ قېلىش دېمەكتۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى گەرچە بىر بەلگە (ھەرپ) بىر تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېلىپبەلىك يېزىق بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن بەلگىلەرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشىدا ئانچە مۇقىملىق يوق. بۇ ھال قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تېكىستلەرنىڭ ئىملاسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. ئالايلى، 𐽻 بەلگە-سى ئومۇمەن s تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە، لېكىن ئەمەلىي ئىستېمالدا، ئۇ s تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلغانىنىڭ سىرتىدا، بەزىدە sh تاۋۇشىغا، بەزىدە z تاۋۇشىغا، ئايرىم ھاللاردا ھەتتا ch تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئەينەن ئالىمىز دەپ، 𐽻 بەلگىسىنىڭ تاۋۇش قىممە-تىنى s غىلا تەڭلەشتۇرۇپ ئالساق، ئۇ ھالدا سۆز ياكى قوشۇمچىلارنىڭ فورما جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاشقا سەل قاراش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، بىر سۆز ياكى قوشۇمچىنىڭ فورما جەھەتتىكى كۆپ خىللىقىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ. مۇنداق بولغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قى-ياپىتىگە نىسبەتەن بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىچە ئىش كۆردۇق.

ئەينەن ئېلىش جەھەتتە:

1) تېكىستتە بەزى سۆزلەردە ۋە ئايرىم قوشۇمچىلاردا سوزۇق تاۋۇش يېزىلمىغان، بىزمۇ شۇ پېتى ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. مەسىلەن: yrlïq (يارلىق)، tngri (تەڭرى)، ygrmi (يىگىرمە)، tïnlgh (تىنلىق، جانلىق)؛

2) تېكىستتە بەزى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تەكرار يېزىلغان بولسا، بىزمۇ تەكرار يېزىپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. مەسىلەن: noom (نوم)، oot (ئوت)؛

3) سانسكرىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە، تىل ئارقا، تار سوزۇق تاۋۇش ï نى ئىشلەتمىدۇق؛

4) ئايرىم سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسىدا ئېنىق ئىملا خاتالىقى سېزىلگەندە، تۈزىتىپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق ۋە ئىزاھ قىسمىدا ئىزاھ بەردۇق.

سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ فورما جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاش جەھەتتە:

1) ꝓ بىلەن ⌐ بەلگىسىنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى ئىپادىلەش جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ

ئېلىپبەسىدە، 𐾀 بەلگىسى t تاۋۇشىغا، 𐽸 بەلگىسى d تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى (خاقانىيە يېزىقى) ھەرپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ بەرگەن مەلۇماتىدا، 𐾀 نى خاقانىيە يېزىقىدىكى «ت» غا، 𐽸 نى خاقانىيە يېزىقىدىكى «د» غا تەڭلەشتۇرۇپ بەرگەن.① لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئىملاسىدا بۇ بەلگىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدە قالايمىقانچىلىق بار، يەنى بۇ ئىككى بەلگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ (تاۋۇش قىممىتى جەھەتتە) ئىشلىتىلگەن. قوللىنىش جەھەتتە مۇقىملىق يوق. «ئالتۇن يارۇق» تىمۇ ئەھۋال شۇنداق. مەسىلەن، tip tidi (دەپ دېدى) دېگەن ئىبارە «ئالتۇن يارۇق» تا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. tip titi; dip titi, dip diti, tip didi, tip diti ② ئەگەر ئەينەن ئالىمىز دەپ، يۇقىرىدىكى بىر ئىبارىنى ئەسلى يېزىلىشى بويىچە يۇقىرىقىدەك بەش خىل ترانسكرىپسىيە قىلساق، ئۇ چاغدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار تەركىبىدە 𐾀 ۋە 𐽸 بەلگىلىرى بولغان سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش قىيىن بولىدۇ. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاش ۋە باشقا يازما يادىكارلىقلاردىن مەلۇمكى، يۇقىرىقى ئىبارە تەركىبىدىكى ئىككى سۆزنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، مۇقىم شەكلى ti- (دېمەك)، ئاندىن ئۆتكەن زامان شەكلى di- . شۇڭا بۇ ئىبارىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىكى مۇقىم شەكلى بەلگىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلىشىدىن قەتئىينەزەر، tip tidi بولۇشى كېرەك. دېمەك، بىز ترانسكرىپسىيىدە 𐾀، 𐽸 بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشىغا ئەمەس، بەلكى تەركىبىدە بۇ بەلگىلەر بولغان سۆز ياكى قوشۇمچىلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇقىم شەكلىگە ھۆرمەت قىلدۇق، شۇنداقلا بۇ پرىنسىپنى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدىمۇ ئىزچىللاشتۇردۇق.

2) 𐽴 بەلگىسىنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى بېكىتىشتە

𐽴 بەلگىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدە ئومۇمەن s تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، لېكىن ئەمەلىي قوللىنىشتا، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا، بۇ بەلگىنىڭ قوللىنىلىشىدا (تاۋۇش قىممىتى جەھەتتە) مۇقىملىق يوق، ئەگەر 𐽴 بەلگىسىنى مۇقىم ھالدا s تاۋۇش بىلەن ئىپادىلىسەك، ئۇ ھالدا سۆز ۋە قوشۇمچىلارنىڭ فورما جەھەتتىكى مۇقىملىقىنى ساقلاش قىيىن بولىدۇ. شۇڭا:

(1) 𐽴 بەلگىسى sh تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلغان سۆز ۋە قوشۇمچىلاردا، ئۇنى sh بىلەن ئىپادىلىدۇق.

(2) 𐽴 بەلگىسى s تاۋۇشىغىلا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك بولغان سۆز ۋە قوشۇمچىلاردا، ئۇنى s بىلەن ئىپادىلىدۇق.

(3) 𐽴 بەلگىسى z تاۋۇشىغىلا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك بولغان سۆز ۋە قوشۇمچىلاردا، ئۇنى z بىلەن ئىپادىلىدۇق.

(4) 𐽴 بەلگىسى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەركىبىدە كۆرۈلگەندە، شۇ سۆزنىڭ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم، 8 ـ بەت.

② ئەسلىي تېكىستتىكى يېزىلىشى مەتبەئە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ تىلدىكى ئەسلىي فورمىسىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلدۇق.

⊥ بەلگىسىنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى بېكىتىشتە

⊥ بەلگىسى ئومۇمەن z تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىكى بەزى سۆز ۋە قوشۇمچىلاردا ئۇ يەنە s تاۋۇشىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ. «ئالتۇن يارۇق» تا بۇ ھال تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇڭا:

(1) ⊥ بەلگىسى z تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك بولغان سۆز ۋە قوشۇمچىلاردا، ئۇنى z بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

(2) ⊥ بەلگىسى s تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك بولغان سۆز ۋە قوشۇمچىلاردا، ئۇنى s بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

(3) z تاۋۇشى بىلەن s تاۋۇشى نۆۋەتلىشىپ كېلىشى ئېھتىمالى بولغان ئايرىم قوشۇمچىلاردا، ئۇنى ئەينەن ئېلىپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. مەسىلەن، بۇيرۇق ـ تەلەپ راي قوشۇمچىسى sun ـ تەركىبىدىكى s تېكىستتە ⊋ بىلەن يېزىلغان بولسا sun ـ دەپ، ⊥ بىلەن يېزىلغان بولسا zun ـ دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق. چۈنكى بۇ قوشۇمچە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردىمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ.

⊋ بىلەن ⊋: بەلگىسىنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى بېكىتىشتە

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدە ⊋: بەلگىسى q تاۋۇشىغا، ⊋ بەلگىسى gh تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى يادىكارلىقلاردا ⊋: بەلگىسى ئومۇمەن قوللىنىلمىغان. «ئالتۇن يارۇق» تىمۇ ⊋: بەلگىسى قوللىنىلغان ئەھۋال ئىنتايىن كەم كۆرۈلىدۇ. ⊋ بەلگىسى بولسا، ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلغان ھەمدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا q، gh، x تاۋۇشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن. شۇڭا:

(1) ⊋ بەلگىسى تۈركىي تىللار خاس سۆز ياكى قوشۇمچىلار تەركىبىدە كۆرۈلگەندە، q تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك بولغان سۆز ياكى قوشۇمچىلاردا q بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

(2) gh تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك بولغان سۆز ياكى قوشۇمچىلاردا gh بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

(3) ⊋ باشقا تىللاردىن، بولۇپمۇ سانسكرىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەركىبىدە كۆرۈلگەندە، x بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز شەكلىنى ئىشلىتىشتە

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ۋە جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلىشىش قائىدىسى بار، لېكىن بۇ قائىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قاتتىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاراڭلىق ـ جاراڭسىز شەكلى بار قوشۇمچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى يېزىقتا بىر بەلگە ئىككى تاۋۇش (بىرى جاراڭلىق، بىرى جاراڭسىز) قا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن، ئاددىي ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى ti - di -، يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى gä/ - kä, - ghä/qa - بۇ ھال ئۆزەكلەرگە جاراڭلىق، جاراڭسىزلىق جەھەتتە قوشۇمچە تاللاشتا بىزگە تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ بەردى. بىز بۇ جەھەتتە، بىرتەپتىن، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ

ئەمەلىي قوللىنىلىش ئەھۋالىغا قاراپ، يەنە بىر تەرەپتىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىش كۆردۇق.

«ئالتۇن يارۇق» تا تىنىش بەلگىلىرى ئۇچۇن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بەلگىلەر قوللىنىلغان، لېكىن تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشىدا قالايمىقانچىلىق بىرقەدەر ئېغىر بولغاچقا، ئەسلىي تېكىستتىكى تىنىش بەلگىلىرى ترانسكرىپسىيىدە ئىپادە قىلىنمىدى. ترانسكرىپسىيىدىكى تىنىش بەلگىلەر ئۆرۈپ يېزىش جەريانىدا، بىز قويغان تىنىش بەلگىلەردۇر.

ترانسكرىپسىيە بەلگىسى ئۇچۇن ھازىر بىزدە تاۋۇش خاتىرىلەش بەلگىسى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان بەلگىلەر قوللىنىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بۇنىڭ ئىچىدە ï بەلگىسى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش i بىلەن نۆۋەتلىشىدىغان تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىدۇر.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Aa | Ää | Bb | Pp | Tt | Jj | Ch ch | Xx |
| ئا | ئە | ب | پ | ت | ج | چ | خ |
| Dd | Rr | Zz | Zh | Ss | Sh sh | Gh gh | Ff |
| د | ر | ز | ژ | س | ش | غ | ف |
| Qq | Kk | Gg | Ll | Mm | Nn | Hh | Oo |
| ق | ك | گ | ل | م | ن | ھ | ئو |
| Uu | Öö | Üü | Ww | Ee | Ii | ng | Yy |
| ئۇ | ئۆ | ئۈ | ۋ | ئې | ئى | ڭ | ي |

## V

بىز «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە، ئەسلىگە (سىڭقو سەلىنىڭ تەرجىمە تېكىستىگە) سادىق بولۇش، مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەش، ئۇسلۇبىنى ساقلاش پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىشقا تىرىشتۇق. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلدۇق:

1) ئەسەرنىڭ سىڭقو سەلى قەلىمىدىكى تېكىستىگە سادىق بولۇپ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى ئوتتۇرىسىدا مەنە پەرقى كۆرۈلگەندە، ئۇيغۇرچىسىنى ئاساس قىلىپ تەرجىمە قىلدۇق.

2) بۇددا ئاتالغۇلىرى ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بويىچە ئېلىندى، كىتابخانلارغا ئانچە تونۇشلۇق بولمىسا كېرەك دەپ قارىغانلىرىمىزنى ئىزاھ قىسمىدا ئىزاھلىدۇق.

3) سىڭقۇ سەلى «ئالتۇن يارۇق» نى خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە سىمۇنومىلۇق پاراللېلىزم ۋاستىسىنى قوللانغان. مەسىلەن، خەنزۇچىسىدە 救 بولسا، ئۇيغۇرچىدا ئۇنى qutqur ، -ozghur دېگەن ئىككى مەنىداش سۆز بىلەن، 财 نى äd tawar دېگەن ئىككى مەنىداش سۆز بىلەن، 时 نى öd qolu دېگەن ئىككى مەنىداش سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئىپادىلەش سىڭقۇ سەلىنىڭ تەرجىمە ئۇسلۇبىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك. شۇڭا بىز تەرجىمىدە مۇمكىنقەدەر بۇ ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق.

4) ئەسەرنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە دارنى (ئايەت) لەر سانسكرىتچە بېرىلگەن، تەرجىمىمىزدە بىز سانسكرىتچىسى بويىچە ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇق، تەرجىمە قىلمىدۇق.

5) ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشتە، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن پايدىلاندۇق.

6) تەرجىمىدە مەنىنى ئېنىقلاشتۇرۇش ياكى جۈملىنى راۋانلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن قوشۇلغان سۆز ياكى ئىبارىلەرنى يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىپ قويدۇق.

**1991 ـ يىل 7 ـ فېۋرال، بېيجىڭ.**

# 1. uma qung

## I. lb süü birkiä

2. 1) (namu budday)a,
2) (namu darmay)a,
3) (namu sanggay)a.
4) (ämti munta) bu nomnung kingürü
5) ulalmïsh suu tïltaghïn az täginchä
6) (yana) uqïtalïm. bu ymä altun
7) önglüg yruq yaltrïqlïgh qopta
8) kötrülmish nom iliki atlgh nom
9) ärdinig boshghuntachï tuttachï
10) oqïdachï tïngladachï bitidächi
11) bitittächi tüzünlär oghlï tüzün-
12) lär qïzï toyïn shamanach upasï
13) upasanch tört türlüg tirin quwraq-
14) larnïng könglüngüzlärtä antagh
15) saqïnchïnglar tursar, barmu
16) ärki antagh tïnlghlar kim, bu nom
17) ärdini tïltaqïnta bu oq
18) közünür azunta ädgü tüshkä
19) tägdächi, birük ädgü tüshkä tägdächi-
20) lär ärsär, kimlär tägdilär
21) ärki tip muntagh saqïnchïngizlar
22) tursar, ämti bu saqïnchïngïzlar
23) iyin bu nom ärdini tïltaqïnta ädgügä

## I. 2a (süü iki)

3. 1) tägmish tïnlghlarïgh sözlä(mish krgäk).
2) anï ymä qop süzüg (köni arïgh)
3) köngülin äshitinglär.
4) qayu ödün tükäl bilgä (tngri)
5) tängrisi burxan bu yirtinchü yir suw-
6) da togha bälgürä yrlïqap
7) bish älik yïl tözi tïnlghlarqa
8) asigh tüsü qïlïp bish asanki nayut
9) sanïncha tïnlghlar oghlanïn ozghurup

# ئۇما قۇڭ[1]

## كىرىش[2] تۇپلەم بىرىنچى (ياپراق ) ئا

2 1) نامو[3] بۇددايا، [4]
2) نامو دارمايا، [5]
3) نامو ساڭگايا، [6]
4) ئەمدى بۇ نومنىڭ[7] كەڭرى
5) تارقالغانلىقىنىڭ سەۋەب ۋەجىنى ئاز بولسىمۇ،
6) يەنە چۈشەندۈرەيلى. بۇ يەنە ئالتۇن
7) رەڭلىك، نۇرلۇق يالتىراقلىق، ھەممىدىن
8) ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم
9) ئەردىنىنى[8] ئۈگەنگۈچى، (قولىدا ) تۇتقۇچى،
10) ئوقۇغۇچى، تىڭشىغۇچى، كۆچۈرگۈچى،
11) كۆچۈرتكۈچى ئېسىللار ئوغلى، ئېسىللار
12) قىزى، تويىن[9]، شاماناچ[10]، ئۇپاسى[11]،
13) ئۇپاسانچ[12] (تىن ئىبارەت ) تۆت تۈرلۈك توپ جامائەت
14) ( ئەگەر ) سىزلەرنىڭ كۆڭلىڭىزلەردە ئاشۇنداق
15) ئويىڭىزلار بولغان بولسا، (يەنى )
16) شۇنداق جانلىقلار بارمىدۇركى، بۇ نوم
17) ئەردىنى سەۋەبىدىن، بۇ
18) ھازىرقى ئالەمدە ياخشى نەتىجىگە
19) ئېرىشكۈچىلەر؟ ئەگەر ياخشى نەتىجىگە
20) ئېرىشكۈچىلەر بولغان بولسا، كىملەر ئېرىشكەن
21) بولدى، دېگەن ئويىڭىزلار بولغان
22) بولسا، ئەمدى مۇشۇ ئويىڭىزلارغا
23) ئاساسەن، بۇ نوم ئەردىنى سەۋەبىدىن ياخشىلىققا

## كىرىش تۇپلەم ئىككىنچى (ياپراق ) ئا

3 1) ئېرىشكەن جانلىقلاردىن سۆز ئېچىش كېرەك،
2) بۇنى يەنە پۈتۈنلەي سۈزۈك، توغرا، پاك
3) كۆڭۈل بىلەن تىڭشاڭلار.
4) قايسى بىر چاغدا، ھەممىگە قادىر تەڭرىلەر
5) تەڭرىسى بۇرخان[13] بۇ ئالەمنىڭ زېمىنىدا
6) تۇغۇلۇپ - دۇنياغا كېلىپ،
7) بارلىق جانلىقلارغا قىرىق بەش يىل
8) پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئاسانكى[14] نايۇت[15]
9) ساندەك جانلىقلار ئوغلانىنى (سانساردىن ) چىقىرىپ -

10) qutgharïp nirwanqa kirü yrlïqamïsh-
11) ta kin nomlugh yrlïqï öngtün
12) tawghach ilintä kingürü yadïlduqta
13) tngri tawghach qan ödintä
14) gitsu samatso atlgh budistw acharï
15) küntin yïngaq suw yolïnta kitip
16) änätkäk yirinkä barïp tükäl
17) bilgä tngri tngrisi burxannïng
18) ïduq qutlugh säkiz chayti
19) qïlmïsh yir orunlarïn tükäl körüp
20) otuz artuq ulugh il ulushlarïgh
21) käzip ygrmi yïlï tüni yorïp
22) bu nom ärdini bashlap älik tümän
23) shloklüg qamagh sanï tört yüz

10) قۇتقۇزۇپ ( ئۈزى ) نىرۋانغا [16] يەتكەندىن
11) كېيىن، نوملۇق يارلىقى شەرقتە
12) تاۋغاچ ئېلىدە [17] كەڭرى تارقالغاندا،
13) تەڭرى تاۋغاچ خان [18] زامانىسىدا،
14) گىتسۇ [19] ساماتسو ئاتلىق بودىساتۋا ئاچارى [20]
15) جەنۇبتىكى سۇ يولى بىلەن مېڭىپ،
16) ئەنەتكەك [21] زېمىنىغا بېرىپ تۇگەل
17) دانا تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخاننىڭ
18) مۇقەددەس سەككىز ئىبادەتخانا
19) قىلغان ئورۇن - جايلىرىنى تۇگەل كۆرۈپ
20) ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئۇلۇغ ئەل - ئايماقلارنى
21) كېزىپ، يىگىرمە يىل تولۇق يۇرۇپ،
22) بۇ نوم ئەردىنى قاتارلىق ئەللىك تۇمەن
23) مىسرالىق، جەمئىي سانى تۆت يۇز

## I. 2b

ب

4. 1) (...... änä)tkäkchä nom bitiklärig
2) (qalïsïz ötkür) üp tawghach tilinchä
3) (äwirtip, ymä) bu nom ärdinig tawghach
4) (tilinchä) tükätip taqï ädgüti
5) (kingürü) yadïlmazqan, ötrü ol
6) oghurta inchiu atlgh balïqta
7) chang baghlïgh kuutau atlgh bir bäg
8) balïq bägi ärti, ol bäg balïq
9) bägi bolup ärta, käd ölütchi
10) boltï. kin bir tüshtä qïz ashï
11) tïltaghïnta ud qoyn tonguz
12) qaz öridäk taghïquda ulatï
13) öküsh tälim özlüglärig ölürüp
14) ulugh ash ichgü qïltï ash qïlu
15) tükätmishtä kin on kün ärtmäz-
16) kän, ötrü ol bäg bälingtäg
17) aghïr igladi. inchip igläyü
18) birlä ök saw söz qodup
19) tutar qapar ärkän, ölüp bartï.
20) ölüp bütün ätözi tomïlïp tk
21) yalïnguz yüräki tashïnta bir tanchu

4. 1) ...... ئەنەتكەكچە نوم پۈتۈكلەرنىڭ
2) ھەممىسىنى قالدۇرماي ئوقۇپ تاۋغاچ تىلىغا
3) تەرجىمە قىلدۇرغان. بۇ نوم ئەردىنىنى تاۋغاچ تىلىغا
4) تەرجىمە قىلىپ بولغان، ( لېكىن ) تېخى تازا
5) كەڭرى تارقالمىغان ۋاقىتتا، بۇ
6) ئىنچۇ دېگەن شەھەردە
7) چاڭ فامىلىلىك كۇتاۋ ئاتلىق بىر بەگ
8) شەھەر بېگى ئىكەن. ئۇ بەگ شەھەر
9) بېگى بولغاندىن كېيىن، دەسلەپتە كۆپ
10) (جانلىقلارنى ) ئۆلتۈرۈپتۇ . كېيىن بىرچاغدا
قىزىنىڭ تويى
11) سەۋەبىدىن كالا، قوي، توڭگۇز،
12) غاز، ئۆردەك، توخۇ قاتارلىق
13) نۇرغۇن جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ
14) كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەت بېرىپ
15) ئون كۈن ئۆتمەستىنلا،
16) بۇ بەگ قورقۇنچلۇق
17) ئېغىر ئاغرىپتۇ. مۇشۇنداق ئاغرىش
18) بىلەن بىللە گەپ - سۆزدىن قېلىپ،
19) تۇتقاق بولۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.
20) ئۆلۈپ پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ، پەقەت
21) يالغۇز يۈرىكىنىڭ سىرتىدىكى بىر پارچە

22) äti tomïlmadï. anï
23) körüp äwintäki kishilär ulugh

## I. 3a süü (üch)

5. 1) yïghït sïghït qïl(u ölügüg)
2) sämäklägäli (...... ältmäzkän),
3) üch kün ärtip ba(rtï, törtünch)
4) kün tangta ärtä ört......
5) turur ärkän, ol bäg tirilip kälip
6) örü olurup ash ichgü qoltï. anï körüp
7) qamagh qashï qadashï
8) bashlap kim ol törüdä yïghïlmïsh
9) nächä kishilär ärti ärsär, olar
10) barcha qorqup bälingläp ïraq tashtï-
11) lar, qachtïlar. olarnïng täzmïsh-
12) ïn körüp ol kuu taw atlgh bäg
13) ötrü olarnï oqïyu inchä tip tidi:
14) älänglär ädgülärim, mn tirilmishkä
15) sizlär nägülüg ancha käd q(achar)-
16) sizlär? qorqmanglar, mn ämti siz-
17) lärkä tirilmish tïltaghïmïn söz-
18) läyin, burxanlarnïng nomïnïng
19) ulugh türlügin ymä äshitinglär tip
20) tidi. ötrü inchä tip sözlädi:
21) mn iglädüktä ang bashlayu manga
22) tört yäklär yaqïn kälti. birägü-
23) si bädük bärkä tutmïsh, ikintisi

## I. 3b

6. 1) (orugh tutmïsh, üchünch...... )i tolghuq
2) (tutmïsh törtünchi) bir kök ton-
3) lugh atlïgh bäg ärmish. qachan bu
4) (tört yäklär mini bir) äw qapïghïnga
5) (ältükt)ä ötrü, ol kök tonlugh
6) bäg attïn qodï tüshüp mini oqïdï.
7) mn ol bägning özingä
8) tägdüktä qoyunïntïn bir kägdä

22) ئېتىلا مۇزلىماپتۇ. بۇنى
23) كۆرۈپ ئۆيىدىكى كىشىلەر قاتتىق

## كىرىش تۇپلەم ئۇچىنچى (ياپراق ) ئا

5. 1) يىغا - زار قىلىپ، هازا ئېچىپ، جەسەتنى
2) كۆمۈشكە ( تېخى ) ئېلىپ ماڭمىغانىكەن،
3) ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، تۆتىنچى
4) كۈنى تاڭ سەھەردە......
5) تۇرغاندا، بۇ (بەگ ) تىرىلىپ،
6) ئۆرە ئولتۇرۇپ، ئاش - تاماق تەلەپ قىپتۇ،
7) بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى
8) قاتارلىق مۇراسىمغا يىغىلغانلار جەمئىي
9) قانچە بولسا، ئۇلارنىڭ
10) ھەممىسىلا قورقۇپ - چۆچۈپ سىرتقا
11) قېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
12) كۆرۈپ، بۇ كۇتاۋ دېگەن بەگ
13) ئۇلارغا ۋارقىراپ مۇنداق دەپتۇ:
14) قايتىپ كېلىڭلار، ئەزلىرىم! مەن تىرىلسەم،
15) سىزلەر نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاچىسىزلەر؟
16) قورقماڭلار، مەن ئەمدى سىزلەرگە
17) تىرىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرەي،
18) بۇرخانلار نومىنىڭ (بۇددا قانۇنىنىڭ )
19) ئۇلۇغ تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر ئاڭلاڭلار، دەپتۇ.
20) ئاندىن مۇنداق دەپ سۆزلەپتۇ:
21) مەن ئاغرىغاندا، ئەڭ ئاۋۋال يېنىمغا
22) تۆت شەيتان يېقىن كەلدى. بىرسى
23) يوغان قامچا تۇتقان، ئىككىنچىسى

## ب

6. 1) ئارغامچا تۇتقان، ئۈچىنچىسى ...... خالتا
2) تۇتقان، تۆتىنچىسى بولسا بىر كۆك تونلۇق،
3) ئاتلىق بەگ ئىدى. بۇ
4) تۆت شەيتان مېنى بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە
5) باشلاپ بارغاندىن كېيىن، ھېلىقى كۆك تونلۇق
6) بەگ ئاتتىن چۈشۈپ مېنى چاقىردى،
7) مەن ئۇ بەگنىڭ ئالدىغا
8) بارغىنىمدا، ئۇ قوينىدىن بىر قەغەز

9) bitik üntürüp manga oqïdï.
10) oqïsar mn, ol bitik ichintä
11) ol künki bizing ashta ölürgüchi
12) ud qoyn tonguz bashlap tïnlghlarnïng
13) sawï turur. sawïn inchä tir:
14) biz qamaghun yïlqïlarnïng öngrä
15) yalanguq azunlartaqï ayïgh qïlïngh-
16) (lar kü)chintä bu oghurta yïlqï azun-
17) (ïn)ta toghdumuz ärti. ötäg
18) birim ötäglägülüg yïl ay öd
19) qolu saqïsh . tolsar tükäsär, munta
20) ät'öz qodup kishi azunïnta
21) toghar ärtimiz. inchip bizing
22) yïlqï azunïntaqï ozghuluq qutrul-
23) ghuluq ödümüz künümüz taqï

9) پۈتۈكنى چىقىرىپ ماڭا ئوقۇتتى.
10) ئوقۇسام، بۇ پۈتۈكتە
11) ھېلىقى كۈنى بىزنىڭ زىياپىتىمىزدە ئۆلتۈرۈلگەن
12) كالا، قوي، توڭگۇز قاتارلىق جانلىقلارنىڭ
13) گەپ ـ سۆزلىرى تۇرىدۇ. ئۇلار مۇنداق دېمەكتە:
14) «بىز بارلىق ھايۋانلار بۇرۇن
15) ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قىلغان يامان ئىشلىرىمىز
16) سەۋەبىدىن ئەمدى ھايۋانات
17) دۇنياسىدا تۇغۇلۇپ قالدۇق. قەرزىمىزنى تۆلەيدىغان،
18) بورچىمىزنى ئۆتەيدىغان يىل، ئاي، ۋاقىت
19) سائەت توشۇپ، ئۇنى تۈگەتسەك، ئاندىن مۇنداق
20) قىياپىتىمىزنى تاشلاپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا
21) تۆرىلىمىز، شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ
22) ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىدىغان ـ قۇتۇلىدىغان
23) ۋاقتىمىز، كۈنىمىز تېخى

## I. 4a (süü tört)

7. 1) tükämäzkän, (inchiu balïqtaqï chang)
2) baghlïgh kuu tau (atlgh bäg bizin)
3) ölürtti. anïng (üchün biz)
4) qamaghun ikiläyü yana yïl(qï azun)
5) toghquluq ötägkä ämgäk(kä tägärbiz).
6) bu muntagh ämgäk tolghaqqa tägmish
7) ödtä, bu mungumuznï ämgäkimizni
8) acha yada uqïdu sözlägäli ughuluq
9) küchümüz küsünümüz yoq ärti, qnta
10) taqï otrïnghuluq turushghuluq küchümüz
11) bolghay? bu mungumuznï ämti qïlïnch
12) tängrisi ongarsun tip ötüntilär.
13) anïn bizni sini ailqalï ïddï
14) munchulayu saw turur. bu sawlarïgh
15) bitiktä mn tükäl oqïyu tükä(tim).
16) ötrü ol kök tonlugh bäg (tuta)
17) tägininglär tip qïqïrtuqta,
18) üch yäklär manga yaqïn kälip biri –
19) si oruq üzä boyunïmïn batï, biri –
20) si tolqaq-ta tinimin altï, bir-i
21) bädük bärkä üzä mini tüz

## كىرىش تۆپلەم تۆتىنچى (ياپراق ) ئا

7. 1) تۈگمەي تۇرۇپ، ئىنچۇ شەھىرىدىكى چاڭ
2) فامىلىلىك كۇتاۋ ئاتلىق بەگ بىزنى
3) ئۆلتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
4) ھەممىمىز قايتىدىن ھايۋانات دۇنياسىدا
5) تۇغۇلىدىغان مەجبۇرىيەت ۋە ئازابقا ئۇچراۋاتىمىز.
6) مۇشۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچراۋاتقان
7) ۋاقىتتا، بىزنىڭ بۇ مۇڭىمىزنى، ئازابىمىزنى
8) ئۇچۇق ـ ئاشكارا ئوقتۇرۇپ سۆزلىيەلىگۈدەك
9) كۈچ ـ مادارىمىز يوق تۇرسا، قانداقمۇ
10) يەنە قارشىلىق قىلىشقا، تاقابىل تۇرۇشقا كۈچىمىز
11) بولسۇن!؟ بۇ مۇڭ ـ زارىمىزغا ئەمدى ياراتقان
12) تەڭرى شاپائەت قىلسۇن.
13) شۇنىڭ ئۈچۈن سىنى ئېلىپ كېلىشكە بىزنى ئەۋەتتى. »
14) مۇشۇنداق سۆزلەر (پۈتۈكتە ) تۇرىدۇ. پۈتۈكتىكى
15) بۇ سۆزلەرنى مەن تۈگەل ئوقۇپ تۈگەتتىم
16) ئاندىن ھېلىقى كۆك تونلۇق بەگ: تۇتۇڭلار!
17) دەپ ۋارقىرىغىنىدا،
18) ئۈچ شەيتان ماڭا يېقىن كېلىپ، بىرى
19) ئارغامچا بىلەن بويىنىمنى باغلىدى، بىرى
20) خالتىغا مېنى سالدى، بىرى
21) يوغان قامچا بىلەن ئۈست

22) töbürü uru iki iligimin qadaru

## I. 4b

8. 1) ............ krä töbün
2) ............ urdï, bartïlar
3) ............ ärkän, yol
4) ............ sta ol mini älttächi
5) (yäklär) ingä tip tidilär: ay
6) ärä, bizin sini alghalï
7) (ïd)duqta, ashnucha an biti)ktä
8) körtilär, an bitig ichintä
9) säning öz yash sanï saqïshï
10) tükämäyük ärmishtäg, sn muncha
11) muncha tïnlghlarïgh ölürtmishkä
12) ol säning isig öz alïmchï-
13) larnïng oghurïnta, anïn sini
14) (algh)alï ïddïlar, munï sn bilmiș
15) (kärgäk) tip muni tidilär.
16) (bu sawï)gh äshidip mn ötrü olarqa
17) inchä tip tidim: aya ädgülärim
18) tngrimlärim, kim mn ol
19) öddä yalanguqlarnïng yirtinchülüg
20) ät köz üzä ayïgh qïlïnch qïlmïsh –
21) ïgh körür bilir ärtim ärsär, ymä
22) näng ol ayïgh qïlïnchnïng ämti-
23) qïdäk yawlaq tüshin utlïsïn

## I. 5a (süü bish)

9. 1) bilmäz ärtim, yana mintidä...
2) nächä nächä ki(shilär)ning (sansïz)
3) saqïshsïz özlü(güg ölürmäk)-
4) lärig körtüm, näng (bu kishi)
5) bälgülüg otquraq tüshingä tägmish-

6) lärin idi körtüküm yoq ärti anïng
7) ikin ara yana mn munïtäg irz-
8) im bäklänip ölmäk ämgäkkä

22) بېشىمغا ئۇرۇپ، ئىككى قولۇمنى قايرىپ،

## ب

8 1) .............. تۆۋەن
2) ..............ئۇردى، كەتتى
3) ..............ئىكەن، يول
4) ..............مېنى باشلاپ مېڭىۋاتقان
5) شەيتانلار مۇنداق دېدى: «ھەي،
6) ئەر، سېنى ئەكېلىش ئۈچۈن بىزنى
7) ئەۋەتكەندە، بىز ئاۋۋال ھېلىقى پۈتۈكنى
8) كۆردۇق. ئۇ پۈتۈكتە
9) سېنىڭ جېنىڭنىڭ سان ـ ھېسابى
10) تېخى تۈگىمىگەندەك قىلىدۇ، سەن شۇنچىۋالا
11) جانلىقلارنى ئۆلتۈرگەچكىلا،
12) سەن جېنىڭنى ئالغۇچىلارنىڭ
13) سەۋەبى بىلەن، سېنى
14) ئېلىپ كېلىشكە بىزنى ئەۋەتتى. سەن بۇنى بىلىشىڭ
15) كېرەك.» (ئۇلار) شۇنداق دېدى.
16) بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەن ئۇلارغا
17) مۇنداق دېدىم: «ھەي، ياخشىلىرىم،
18) تەڭرىلىرىم، ئەگەر مەن شۇ
19) چاغدا، ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيالىق
20) كۆزىدە، يامانلىقلارنى قىلىۋاتقانلىقىمنى
21) كۆرەلىگۈدەك، بىلەلىگۈدەك بولساممۇ،
22) (لېكىن) ئۇنداق يامان ئىشلارنىڭ ھازىرقىدەك
23) يامان ئاقىۋەت (ۋە) نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى

5) käylär. atï kötrülmish tngrim,
6) birük kim qayu iliklär qanlar-
7) ning ilintä ulushïnta bu nom
8) ärdinig biltächi uqtachï nomchi
9) bilgälär kälsärlär, bu nom ärdini ymä
10) birlä kälti tip bilmish krgäk.
11) ötrü ol ödün ol ilik qan kntü
12) özä nomchi bilgälärgä yaqïn barïp bu
13) nom ärdinig äshitmish tïnglamïsh krgäk.
14) ol nomchï acharïgh ayamïsh aghïrlamïsh
15) tapïnmïsh udunmïsh krgäk. köyü közätü
16) turup busushsuz qadghusïz qïlïp bu nom
17) ärdinining täring yürükin yinchkä tözin
18) kingürü nomlatïp qamaghqa yada
19) asïgh tusu qïlturmïsh krgäk. ötrü anta
20) biz qamaghun bu nom ärdini oghurïnta
21) ilik qanïgh bodunï qarasï
22) birlä bir uchulugh köngülin köyü közä-
23) tü turup adasïn tudasïn ät'özingä
24) yaghutmaghaybïz.

402 .1) ئۇقتۇرۇپ سۆزلەيدۇ، كەڭرى
2) تارقىتىدۇ، بۇ نوم ئەردىنىنىڭ
3) كۈچى بىلەن بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ
4) ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن تارقايدۇ،
5) كېتىدۇ. نامى مەشھۇر تەڭرىم،
6) مۇبادا قايسى بىر ئىلىك ياكى خانلارنىڭ
7) ئەل - ئۇلۇشىغا بۇ نوم
8) ئەردىنىنى بىلگۈچى، ئۇققۇچى، نومچى
9) دانالار كەلسە، بۇ نوم ئەردىنىنىمۇ
10) بىللە كەلدى دەپ بىلمىش كېرەك.
11) بۇ چاغدا ئۇ ئىلىك ياكى خانلار شەخسەن
12) ئۆزى نومچى دانالارغا يېقىن بېرىپ بۇ
13) نوم ئەردىنىنى ئاڭلىشى، تىڭشىشى كېرەك.
14) ئۇ نومچى ئۇستازلارغا ھۆرمەت - ئېھتىرام
15) قىلىشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشى كېرەك.
كۆيۈپ
16) ئاسراپ، غەمسىز، قايغۇسىز بولۇپ، بۇ نوم
17) ئەردىنىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى، ئىنچىكە
ماھىيىتىنى
18) كەڭرى نوملىتىپ، ھەممىگە تارقىتىپ،
19) ئۇلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزۈش كېرەك.
ئاندىن ئۇ يەردە
20) بىز ھەممىمىز بۇ نوم ئەردىنى سەۋەبىدىن
21) ئىلىك، خانلار خەلقى، پۇقراسى
22) بىلەن بىرلىكتە بىر نىيەتلىك كۆڭۈل بىلەن كۆيۈپ
23) قاراپ بالايىئاپەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئەتئۆزىگە
24) يېقىنلاشتۇرمايمىز.

## V. 30a (imaxu bishinch otuz tolu)

403. 1) uzatï inchgülüg äsängülüg qïlghay-
2) biz. atï kötrülmish ayaqqa tägimlig
3) tngrim, birük qayu toyïn samnanch
4) upasi upasanchlar bu ärdinig tuttachï
5) ärsärlär, ol ödün ol ilik qan
6) ularnï achïnu ayayu tutsar biz yana
7) tngrim, ol ilik qanïgh ayayu aghïr-
8) layu köyü közätü tutqaybiz. birük bu nom
9) ärdinig boshghuntachï tuttachï uqïttachï söz-
10) lädächi tïnlghlarïgh ögsär küyläsär ayasar
11) aghïrlasar, biz qamaghun ol ilik qanïgh
12) alqu iliklär qanlar arasïnta aghïrlïgh
13) ayaqlïgh adïn yad iliklärkä qan-
14) larqa ögkülüg alqaghuluq qamaghda yig
15) qïlghaybiz tngrim tip ötüntilär.
16) altun önglüg yruq yaltrïqlïgh
17) qopta kötrülmish nom iliki atlgh nom
18) bitiktä tört mxaranch tngrilär tngri yalanguq
19) quwraqïn körmäk atlgh bir ygrminch bölük. bishinch
20) tägzinch. samapta
21) ymä bushï süzüg köngüllüg ratna wchir ïqyang ismän
22) ikägününg kirtgünchingä
23) altun önglüg yruqlugh nom ärdinig ötünmäk üzä
24) ärinch chxshapt manggal toyïn bishinch aynïng ygrmi iki-
25) si ki tonguz chi tigmä tutmaq kün qamagh
26) binsun tïnlghlar asïghïnga yaghïzgha inär kün üzä
27) tung kuwan balïqta ratna wchirning äwintä

## ئىماخۇ بەشىنچى (تۆپلەم) ئوتتۇزىنچى (ياپراق) ئا

403 .1) ئۇلارنى دائىم تىنچ - خاتىرجەم قىلغايمىز.
2) نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر
3) تەڭرىم، مۇبادا قايسى بىر راھىب، شامنانچ
4) ئۇپاسى، ئۇپاسانچلار بۇ ئەردىنىنى ساقلىسا،
5) ئۇ چاغدا ئۇ ئېلىك - خان
6) ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلسا، ئۇلارنى ئايىسا، بىزمۇ يەنە
7) تەڭرىم، ئۇ ئېلىك - خانلارنى ئاياپ، ھۆرمەتلەپ
8) مۇھاپىزەت قىلىمىز. مۇبادا بۇ نوم
9) ئەردىنىنى ئۆگەنگۈچى، ساقلىغۇچى، ئۇقتۇرغۇچى،
10) سۆزلىگۈچى جانلىقلارنى مەدھىيىلىسە، كۈيلىسە، ھۆرمەتلىسە،
11) ئىززەتلىسە، بىز ھەممىمىز ئۇ ئېلىك - خانلارنى
12) بارلىق ئېلىك - خانلار ئارىسىدا ھۆرمەتلىك،
13) ئىززەتلىك، باشقا ئېلىكلەرگە، خانلارغا قارىغاندا
14) ئېخمۇ مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك، ئالقىشقا تېگىشلىك
15) قىلىمىز، تەڭرىم دەپ ئۆتۈندى.
16) ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق - يالتىراقلىق
17) ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم
18) پۈتۈكىنىڭ تۆت ماھاراج تەڭرىنىڭ تەڭرى ئىنسانلار
19) جامائىتىنى كۆرۈشى ئاتلىق ئون بىرىنچى بۆلەك، بەشىنچى
20) تۆپلەم، ساماپتا يەنە
21) سەدىقە ئىگىسى سۈزۈك كۆڭۈللۈك راتناۋاچىر، ئىقياڭ ئىسمەن
22) ئىككىسىنىڭ ساداقەتمەنلىك بىلەن،
23) ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق ئەردىنىنى (كۆچۈرگۈزۈش)
ئىلتىماسىغا ئاساسەن
24) بىچارە چاخشاپت ماڭگال تويىن بەشىنچى ئاينىڭ ئىككىسى، يەنى
25) كى[196] توڭگۇز كۈنى دېيىلىدىغان، بارلىق
26) جانلىقلار ئاشلىق ئۈچۈن ئېتىزغا ماڭىدىغان كۈندە
27) دۇنخۇاڭ شەھىرىدە راتناۋاچىرنىڭ ئۆيىدە

## V. 30b

404. 28) biz chxshapt manggal istawri toyïn. su –
wasdi toyïn bilgä taluy
29) toyïn üchägü bashlayu bitidük. yana altïnch aynïng
30) atlï yangïsï shim sïchqan ymi chi tigmä tutmaq kün üzä
31) ymä istawri toyïn bishinch kün nomugh
bitiyü tolu qïltïm ädgü.

## ب

404 .28) چاخشاپت ماڭگال ئىستاۋرى تويىن، سۇۋاسدى
تويىن، بىلگە تالۇي
29) تويىن ئۈچىمىز كۆچۈرۈشكە باشلىدۇق. يەنە ئالتىنچى ئاينىڭ
30) ئالتىنچى كۈنى، يەنى شىم[197] چاشقان كۈنى دېيىلىدىغان كۈنى
31) يەنە ئىستاۋرى تويىن بەش كۈندە نومنى پۈتۈنلەي
كۆچۈرۈپ بولدۇم، ئىزگۇ.

## VI. 2a (altïnch bölük iki)

405. 1) (ol ilik) lärig qanlarïgh sizlär köyü küzätü
2) tutup, inchkülük mängilig qïlmaq bu
3) ish oghrayu sizlärgä tägimlig ish
4) titir. inchip sizlär kntü kntü
5) quwraghïngïzlar birlä birük bu nom
6) ärdinig köyü küzätü tutsarsiz-
7) lär, ötrü üch ödki burxanlar-
8) nïng ädgü tidük köni nomlugh sazïn-
9) ïgh köyü küzätü tutmïsh bolghay sizlär.

10) qachan tngrilär quwraghïnga qadïlïp
11) ashurilar birlä söngüshkäli oghrasar-
12) sizlär, sizlär ök uttachï yigättä-
13) chi bolghaysizlär. bu ök nom ärdinig
14) köyü küzätü tutmïsh buyan ädgü qïlïnch
15) küchintä ach qiz ig kägän yaghï

16) yawlaq adasïn barchanï tarqaru
17) kitärü ughay sizlär. anï üchün

18) sizlär qamagh tört mxaranchlara
19) nächätä birük chambudiwip yirtinchütä-
20) ki toyïn shamananch upasi upasanch
21) tört türlüg tirin quwraghnïng
22) bu nom ärdinig boshghunmïshlarïn tutmïsh-

## ئالتىنچى (تۇپلەم) ئىككىنچى (ياپراق) ئا

405. 1) ئۇ ئىلىك ـ خانلارنى سىزلەر كۆيۈنۈپ، ئاسراپ
2) تۇتۇپ، ئۇلارنى خاتىرجەملىككە، خۇشاللىققا ئىگە قىلىش،
3) دەل هازىرقى پەيتتە سىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش
4) دېدى. شۇنداق قىلىپ سىلەر ئايرىم ـ ئايرىم هالدا ئۆز
5) توپ، جامائەتىڭلار بىلەن بىرلىكتە ئەگەر بۇ نوم
6) ئەردىنىنى كۆيۈنۈپ، ئاسراپ تۇتساڭلار،
7) ئاندىن ئۈچ زاماندىكى بۇرخانلار ـ
8) نىڭ ياخشى دەپ ماختىغان توغرا نوملۇق ئەقىدىلىرىنى
9) كۆيۈنۈپ، ئاسراپ تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولغان بولىسىلەر.
10) شۇنىڭ بىلەن سىلەر تەڭرىلەر جامائىتىگە قېتىلىپ جىن ـ
11) ئاسۇرىلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاتلانساڭلار،
12) سىلەر چوقۇم غەلىبە قىلالايسىلەر.
13) دەل مۇشۇ نوم ئەردىنىنى
14) كۆيۈنۈپ، ئاسراپ تۇتقانلىقىنىڭ، ئەزگۈ ـ ساۋابىنىڭ
15) كۈچ ـ ۋەجىدىن ئاچلىق، كەمبەغەللىك،
كېسەل ـ ئاپەت، دۈشمەنلىك
16) يامانلىق قاتارلىق بارلىق بالايىئاپەتلەرنى ئۆزۈڭلاردىن
17) يىراق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايسىلەر.
شۇنىڭ ئۈچۈن
18) سىلەر تۆت ماهاراج هەممىڭلار
19) چامبۇدىۋىپ زېمىندىكى
20) تويىن، شامنانچ، ئۇپاسى، ئۇپاسانچ قاتارلىق
21) تۆت تۈرلۈك توپ ـ جامائەتنىڭ
22) بۇ نوم ئەردىنىنى ئۆگەنگەنلىكلىرىنى، ئۇنى
قولىدا تۇتقان ـ

## VI. 2b

406. 1) larïn bitimishlärin bititmishlärin
2) oqïmïshlarïn oqïtmïshlarïn nomlamïsh-
3) larïn nomlatmïshlarïn körsärsizlär ötrü
4) anchata oq sïmtaqsïz qïnïgh qatïgh
5) köngülin köyü küzätü birip qorqïnch
6) busush qadghu adalarïn tarqarïp kitärip.
7) inchkü mängi biringlär tip yrlïqadï.
8) ol ödün tört mxaranch tngrilär

## ب

406. 1) لىقلىرىنى، يازغانلىقلىرىنى، يازدۇرغانلىقلىرىنى،
2) ئوقۇغانلىقلىرىنى، ئوقۇتقانلىقلىرىنى، نوملىغان ـ
3) لىقلىرىنى، نوملاتقانلىقلىرىنى كۆرسەڭلار،
4) شۇ هامان قاتتىق غەيرەتكە تولۇپ تاشقان
5) كۆڭلۈڭلار بىلەن ئۇنى كۆيۈنۈپ، ئاسراپ تۇتۇپ، قورقۇنچنى
6) غەم ـ قايغۇلارنى، ئاپەتلەرنى تارقىتىپ ـ كەتكۈزۈپ،
7) خاتىرجەملىك، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىڭلار دەپ يارلىقادى.
8) بۇ ۋاقىتتا تۆت ماهاراج

9) tngri tngrisi burxannïng bu yrlïqïn
10) äsitip, ötrü trkin tawratï olur-
11) mïsh orunlarïntïn örü turup birtin
12) sïngar ong angïnlarïntaqï ton-
13) larïn achïnïp, ong tïzlarïn chöki-
14) tip ayalarïn qawshurup aghïr ayamaq-

15) ïn tngri tngrisi burxanqa
16) inchä tip ötüntilär: atï kötrül-
17) mish ayaghqa tägimlig tngrim.
18) birük bu altun önglüg yruq yaltrïq-
19) lïgh qopta kötrülmish nom ilik atlgh
20) nom ärdinig kin käligmä ödlär-
21) tä qayu qayu illärtä ulushlarta
22) käntlärtä sosaqlarta taghlarta

## VI. 3a (altïnch bölük üch)

407. 1) arïghlarta önglärtä körtüklärtä
2) qayuta ärsär, tägmish yadïlmïsh orun
3) larta birük ol yir oruntaqï ilik-
4) lär qanlar bu nom ärdinig süzük kirtgünch köngül-

5) in äshidsär, tïnglasar, ögsär küyläsär,
6) tapïnsar, udunsar, ayasar, aghïrlasarlar,
7) yana ymä bu nom ärdinig boshghunta-
8) chï tutdachï tört türlüg tirin quwraghïgh
9) achïnsar, ayasar, köyü közätü birip, ada-

10) larïn ämgäklärin tarqarsar, kitärsär,

11) bu tïltaghtïn ötkürü biz qamagh tört
12) mxaranchlar ötrü ol iliklärig qanlarïgh-
13) bodunï qarasï birlä busushsuz qadghu-
14) suz, inch mängilig qïlghaybiz. özin

15) yashïn üstäp ulugh choghqa yalïnqa

16) tägürgäybiz. atï kötrülmish ayaghqa

9) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخاننىڭ بۇ يارلىقىنى
10) ئاڭلاپ، دەرھال تېزلىك بىلەن ئولتۇر-
11) غان ئورۇنلىرىدىن ئۆرە قوپۇپ ھەممىسى
12) بىردەك ئوڭ مۈرىلىرىنى
13) يالىڭاچلاپ، ئوڭ تىزلىرىنى چۆكتۈ-
14) رۈپ، قوللىرىنى جۈپلەشتۈرۈپ، ئەڭ چوڭ
ھۆرمەت - ئېھتىرام
15) بىلەن تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخانغا
16) مۇنداق دەپ ئۆتۈنۈش ئۆتۈندى: نامى كۆتۈرۈل-
17) گەن ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم.
18) ئەگەر بۇ ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق - يالتىراقلىق
19) ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق
20) نوم ئەردىنىنى كېيىن كېلىدىغان زامانلار -
21) دا قايسى ئەل - ئۇلۇشلاردا،
22) كەنتلەردە، مەھەللىلەردە، تاغلاردا،

## ئالتىنچى (تۈپلەم) ئۈچىنچى (ياپراق) ئا

407 .1) ئورمانلىقلاردا
2) بۇ نوم يېتىپ بارغان، تارقالغان ھەرقانداق ئورۇن-
3) لاردا، ئەگەر ئۇ يەر جايدىكى ئېلىك-
4) لەر، خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى ناھايىتى سۈزۈك، سادىق كۆڭلى
5) بىلەن ئاڭلىسا، ئۇنى مەدھىيىلىسە، كۈيلىسە،
6) ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئېھتىرام قىلسا، ئۇنى قەدىر - قىممەتلىسە؛
7) يەنە بۇ نوم ئەردىنىنى ئۆگەنگۈ -
8) چى، قولىدا تۇتقۇچى تۆت تۈرلۈك توپ - جامائەتكە
9) غەمخورلۇق قىلسا، ئۇلارنى ھۆرمەتلىسە، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئاسراپ، ئۇلارنىڭ
10) بالايىئاپەتلىرىنى، جاپا مۇشەققەتلىرىنى يوقىتىپ بەرسە،
11) بۇنىڭ سەۋەب - ۋەجىدىن بىز بارلىق تۆت
12) ماھاراج ئاندىن ئۇ ئېلىكلەرنى، خانلارنى
13) خەلقى - پۇقرالىرى بىلەن بىرلىكتە غەمسىز - قايغۇ-
14) سىز خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام قىلالايمىز. ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى -
15) ھاياتىنى ئۇزارتىپ، خۇددى يالقۇنلاۋاتقان ئۇلۇغ ئوت يالقۇنىغا
16) ئايلاندۇرالايمىز. نامى مەشھۇر، ھۆرمەتنىڭ

17) tägimlig tngrim, birük ol ilik
18) lär xanlar bu nom ärdinig boshghuntachï
19) tutdachï tört türlüg tirin quwragh-
20) ïn ayayu aghïrlayu köyü közätü tutup,

21) qltï ögi qangï kntü oghlïn qïzïn
22) oqshayurcha amrayurcha nä krgäkin

23) äksüksüz tözü tükäti birsärlär...

17) ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم. ئەگەر ئۇ ئېلىك-
18) لەر، خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى ئۆگەنگۈچى،
19) ئۇنى قولىدا تۇتقۇچى تۆت تۈرلۈك توپ جامائەت-
20) نى ھۆرمەتلەپ، قەدىرلەپ، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئاسرىسا،
21) خۇددى ئانىسى، ئاتىسى ئۆز ئوغلى، ئۆز قىزىغا
22) قانداق كۆيۈنۈپ، سۆيۈنۈپ باققان بولسا، شۇنىڭغا ئوخشاش نېمە لازىم بولسا،
23) شۇنى كەم-كۈتىسىز تولۇق تەل قىلىپ بەرسە،

## VI. 3b

408. 1) ötrü biz qamaghun ol ilik qanïgh
2) küyü küzätü tutup, qamagh yalanguqqa
3) barchagha bir yanglïgh ayatqay, aghïr-
4) latghaybiz. anï üchün atï kötrül-
5) mish ayaghqa tägimlig tngrim, biz qamagh
6) tört mxaranchlar öz öz quwraghïmïz
7) birlä közünmäz ät'özin bu nom
8) ärdini iyin itärü yorïp köyü közätü

9) tutqalï, yana ymä bu nom ärdinig
10) tingladachï tutdachï iliklärning
11) qanlarnïng adasïn tudasïn
12) tarqarghalï, yaghïsïn yawlaqïn
13) kitärgäli odughsaq bolghaybiz. birük
14) qayu iliklär xanlar bu nom ärdinig
15) süzüg kirtgünch köngülin äshitür tïnglayur

16) ärkän, ol iliklärning qanlar-
17) nïng ilingä ulushinga yaghuq
18) yaghïsï yawlaqï ol ilig ulushugh

19) artatqalï buzghalï saqïnchïn süülägäli
20) oghrasarlar, inchip bu nom ärdinining
21) choghïnta yalïnïnta, ol süülägäli
22) oghramïs ilig yaghïnïng ilintä
23) ulushïnta ärüsh öküsh yawïz iru blgü-

## ب

408. 1) ئاندىن بىز ھەممىمىز ئۇ ئېلىكلەرگە، خانلارغا
2) كۆيۈنۈپ، ئۇلارنى ئاسراپ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ
3) ھەممىسىگە بىردەك ھۆرمەتلىتىمىز،
4) قەدىرلىتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن نامى مەشھۇر،
5) ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم، بىز
6) تۆت ماھاراج ھەممىمىز ئۆز جامائىتىمىز
7) بىلەن بىرلىكتە، كۆرۈنمەس ئەتئۆزىمىزنى بۇ نوم
8) ئەردىنى بىلەن بېزەپ، بۇ نوم ئەردىنى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنى كۆيۈنۈپ - ئاسراپ
9) تۇتۇش ئۈچۈن، يەنە بۇ نوم ئەردىنىنى
10) ئاڭلىغۇچى، ئۇنى قولىدا تۇتقۇچى دانىشمەنلەرنىڭ
11) خانلارنىڭ، بالايىئاپەتلىرىنى
12) تارقىتىش ئۈچۈن، ياۋۇز - يامان دۈشمەنلىرىنى
13) تارمار قىلىش ئۈچۈن تېتىك، ھوشيار بولىمىز. ئەگەر
14) قايسى بىر ئېلىكلەر، خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى
15) سۈپسۈزۈك سەمىمىي كۆڭلى بىلەن ئاڭلايدىكەن، تىڭشاي-
16) دىكەن، ئۇ ئېلىكلەرنىڭ، خانلار-
17) نىڭ دۆلىتىگە، ئۇلۇشىغا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى
18) دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى، ئۇلۇشىنى
19) خانىۋەيران قىلىشنى قەستلەپ، ئۇرۇش قىلغىلى
20) تەييارلانماقچى بولسا، بۇ نوم ئەردىنىنىڭ
21) چوغ - يالقۇنى كۈچىدىن ئاشۇ ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ
22) تەييارلانغان دۆلەتنىڭ، يەنى دۈشمەننىڭ ئېلىدە،
23) ئۇلۇشىدا ناھايىتى كۆپ ياۋۇز - يامان ئالامەت-

## VI. 4a (altïnch tört)

409. 1) lär blgürtüp ig kägän adasï öküsh
2) bolghay. birük yana bu nom ärdinig
3) tutdachï iliklär qanlar tört
4) türlüg süülüg quwraghïgh itinip timin-
5) nip ol yaghïlaghalï oghradachï il-
6) ig yaghïnïng ilingä ulushïnga
7) barghalï oghrasar, ötrü biz tört
8) mxaranch tngrilär kntü yäklig ich-
9) käklig öz öz quwraghlarïmïz birlä

10) közünmäs ät'özin ol ilik qan-

11) nïng süüingä chärikingä art
12) basut bolup, yaghïsïn yawlaqïn
13) kntün yawaidurghaybiz. ol il ulush
14) ichintä ikiläyü taqï süü chärik ada-
15) sï üzäki qorqïnch ayïnch bultuqmaghay

16) tngrim, tip ötüntilär. anta
17) ötrü tükäl bilgä tngri tngri-
18) si burxan yana tört mxaranch
19) tngrilärkä kim mn öngrä ärtmish
20) yüz ming kolti nayut sanïncha
21) kalp ödlärtä üch asankilär
22) ichintä burxan qutïnga qatïghlanïp

## ئالتىنچى (تۆپلەم) تۆتىنچى (ياپراق) ئا

409 .1) لەر پەيدا بولۇپ بالايى ـ قازا، خەۋپ ـ خەتەر كۆپ
2) بولغاي. ئەگەر يەنە بۇ نوم ئەردىنىنى
3) قولىدا تۇتقۇچى ئىلىكلەر، خانلار تۆت
4) تۈرلۈك ھەربىي قوشۇنلىرى بىلەن تەييارلىنىپ،
5) ئەنە شۇ دۈشمەنلىشىشكە تەييارلانغۇچى دۈشمەنلەر
6) خانىنىڭ ئېلىگە، دۆلىتىگە
7) زەربە بەرگىلى تەييارلانسا، بىز تۆت
8) ماھاراج تەڭرى ئۆزىمىزنىڭ باتۇرلۇق
9) جەڭگىۋارلىقتا تولغان قوشۇنلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە
ئايرىم ـ ئايرىم
10) كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان تەن ـ تۇرقىمىز بىلەن شۇ
ئىلىك ـ خانلار ـ
11) نىڭ قوشۇنىغا، توپىغا قېتىلىپ
12) تايانچ بولۇپ، دۈشمەنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقىنى
13) ئۆزىمىزلا تارمار قىلىمىز. شۇ ئەل ـ دۆلەت
14) ئىچىدە يەنە دۈشمەنلەر قوشۇنىنىڭ خەتىرى
15) تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان قورقۇنچ ئەيمىنىشلەرنى
ئىككىنچىلەپ يولۇقتۇرمايمىز
16) تەڭرىم دەپ ئۆتۈندىلەر. ئاندىن
17) كېيىن ئەقىل ـ پاراسەتكە تەل بولغان تەڭرىلەر تەڭرى ـ
18) سى بۇرخان يەنە تۆت ماھاراج
19) تەڭرىگە مەن ئىلگىرىكى ئۆتۈپ كەتكەن
20) يۈز مىڭ تۈمەن سان ساناقسىز
21) كالپ دەرۋلەردە، ئۈچ ئاسانكى ۋاقىت
22) ئىچىدە، بۇرخان قۇتى ئۈچۈن جاپالىق بىلەن تىرىشىپ

## VI. 4b

410. 1) tüü tübi yoqaru turghu täg yüräk yarïlïn-
2) chïgh achïgh tarqa ämgäklär ämgänïp
3) ol ämgäkimning küchintä timin ök

4) bu alp bulghuluq üzäliksiz üstünki
5) yig köni tüz tuymaq burxan qutïn
6) bulup, tükäl bilgä bilikgä tägip,
7) ötrü bu ïduq nom ärdinig acha yada
8) uqïtu nomlardïm. anïn birük qayu

## ب

410 .1) يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن ھەر خىل يۈرەك يېرىلغۇ ـ
2) دەك قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەكتىم.
3) ئەنە شۇ ئەجرى ـ ئەمگىكىمنىڭ كۈچ ـ ۋەجىدىن
ناھايىتى تېزلا
4) ئېرىشمەك ئەڭ قىيىن بولغان ئەڭ ئۈستۈنكى
5) ياخشى، توغرا، تۈز تۈيماق بۇرخان قۇتىغا (ئېرىشىپ)،
6) دانالىقتا كامالەتكە يېتىپ،
7) ئاندىن بۇ مۇقەددەس نوم ئەردىنىنى ئېچىپ ـ يېشىپ
8) ئۇقتۇردۇم، نوملىدىم. شۇ سەۋەبتىن ئەگەر قايسىبىر

9) iliklär qanlar bu nom ärdinig boshghun-
10) sarlar, tutsarlar, ayasarlar, aghïrla-
11) sarlar, äshitsärlär, tïngläsarlar,
12) ötrü ol iliklärning qanlarnïng
13) ig aghrïgh ada tudalarï bar ärsär,
14) barcha yoqatïp inchkülüg äsängülüg
15) bolghaylar. yana kntü öz illärin
16) ulushlarïn odughïn saqïn köyü közätü

17) tutup, yat yaghï adasïn amïrtqurup,

18) adïn ilik qanlarïgh ymä bir ikintis-
19) kä irsisiz qarshïsïz qïlghalï ughay-

20) lar. taqï ymä sizlär tört mxaranch-
21) lar inchä bilinglär: qltï bu chmbudiwip
22) yirtinchütä säkiz tümän tört ming

9) ئىلىكلەر، خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى ئۆگەن-
10) سە، ئۇنى قولىدا تۇتسا، ئۇنى قەدىرلىسە، ھۆرمەت-
11) لىسە، ئاڭلىسا، تىڭشىسا،
12) ئاندىن ئۇ ئىلىكلەرنىڭ، خانلارنىڭ (ئەگەر)
13) كېسەل - ئاغرىقلىرى، بالايىئاپەتلىرى بار بولسا،
14) ھەممىسى يوقىلىپ، كۆڭلى خاتىرجەم، ئامان - ئېسەن
15) بولىدۇ. يەنە ھەر قايسىسى ئۆز ئەللىرىنى،
16) دۆلەتلىرىنى سەگەك - ھوشيارلىق بىلەن كۆيۈنۈپ - ئاسراپ
17) تۇتۇپ، يات - دۈشمەنلىرىنىڭ بالايىئاپەتلىرىنى تىنچىتىپ،
18) باشقا ئىلىك - خانلارنى بىر - بىرىگە
19) بولغان ھەسەتخورلۇق، دۈشمەنلىكتىن خالى قىلالايدىغان بولىدۇ.
20) يەنە سىلەر تۆت ماھاراج
21) بۇلارنى بىلىشىڭلار كېرەككى: بۇ چامبۇدىۋىپ
22) زېمىندا سەككىز تۈمەن تۆت مىڭ

## VI. 5a (altïnch bish)

411. 1) ök ulugh iliklär qanlar titir. kim
2) ol iliklär qanlar öz öz kntü
3) il uluşlarïnta ärk tartïp mängi
4) mängiläp, ilkitäki qïlmïsh qazghanmïsh buyan
5) ädgü qïlïnch tüshin utlïsïn ashayur-

6) lar. birük ol qamagh iliklär qanlar öz
7) öz illäringä kntü kntü mängi-
8) läringä qanïmlïgh bolup, adïnnïng
9) ilingä adïnlar ärkingä
10) suqlanmasar. trs yawlaq ayïgh saqïnch
11) saqïmasar. süngüsh atïsh bamaq bäk-
12) lämäktä ulatï irig yawghan ish kötük-
13) lärig qïlmasarlar. ötrü imärigmä
14) qamagh bodun qara inch mängilig örü
15) ulugh qodï kichig tüz baz qaltï süt-

16) li yaghlï täg irsisiz qarshïsïz

## ئالتىنچى (تۇپلەم) بەشىنچى (ياپراق) ئا

411. 1) ئۇلۇغ ئىلىك خان باركى،
2) بۇ ئىلىكلەر، خانلار ھەممىسى ئۆزىنىڭ
3) ئەل - دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، شاد -
4) خۇراملىقتا چۆمۈپ، ئىلگىرى ئۆزى قىلغان ساۋاب -
5) ياخشىلىق قاتارلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ پايدا - نەتىجىسىدە تېخىمۇ راۋاج-
6) لارنغاي. ئەگەر بۇ بارلىق ئىلىكلەر، خانلار ھەممىسى ئۆز
7) ئەللىرىگە ۋە ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ بەخت -
8) پاراۋانلىقىغا قانائەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ
9) ئېلىدىن، باشقىلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىن
10) قىزغانمىسا، پەسكەش ياۋۇز - يامان خىياللاردا
11) بولمىسا، ئۇرۇش قىلىش، ئېتىشىش، باغلاش، قاماش
12) قاتارلىق بەتنىيەت يامان ئىش - ھەرىكەتلەر -
13) نى قىلمىسا، ئاندىن ئۆز ئەتراپىدىكى
14) بارلىق پۇقرالار تىنچ - خاتىرجەم بولۇپ، يۇقىرىدىن
15) مەيلى چوڭى، تۆۋەندىن مەيلى كىچىكى ھەممىسى ئۆزئارا خۇددى سۈت
16) بىلەن ياغدەك ئىتتىپاق بولۇپ، ھەسەتخورلۇق، دۈشمەنلىكتىن خالى

17) bolup, bir ikintiskä ayashtachï
18) amraştachï, ögrünch säwinch üzä
19) ilinchü mängi qïltachï, ädgü saqïnchlïgh
20) yrlïqanchuchï biliklig asra köngüllüg
21) buyan ädgü qïlïnchqa iyin bolurlar.

22) bu oq awant tïltagh üzä ötrü
23) chambudiwip yirtinchütä inchkü äsängü,

17) بولۇپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان،
18) ئىززەتلەيدىغان، شاد - خۇرامغا چۆمگەن ھالدا
19) كۆڭۈل ئېچىپ راھەتتە ياشايدىغان، ياخشى نىيەتلىك،
20) مېھرىبان، پەزىلەتلىك، كەمتەر، كۆڭۈللۈك،
21) ئەزگۈ - بۇيانلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان بولىدۇ.
22) دەل مۇشۇ ئاۋانت - سەۋەب بىلەن ئاندىن
23) چامبۇدىۋىپ زېمىنى خاتىرجەملىك، ئامان - ئېسەنلىك،

## VI. 5b

ب

412. 1) mängi ögrünchü öküsh tälim, bodun qara
2) köp qalïn bolur. yaghïz yir topraqï
3) atatur. isig tumlugh ulushï tängsiz,

4) tört ödlär qolusï shashmaz.
5) kün ay grxlar yultuzlar yorïqï
6) tägsilmäz. yiil yaghmur ödünchä bolur
7) ödsüz qalusuz ada tudalar
8) özin ök tarïqar. öz iltürgülük
9) äd tawar ärdini yinchü chach kash king

10) uchuz bolur. yalanguqlar köngüli
11) achsïz suqsuz, bushïgha aqï buyan

12) ädgü qïlïnchqa tawranïghlï, on buyan

13) ädgü qïlïnch yolïnta yorïghalï udachï

14) bolurlar. qachan munta ät'öz qodsar-

15) lar, öküshi barcha tngri yirintä
16) toghup, tngrilär quwraghï ashïlur
17) üstälür. tört mxaranch-
18) lara birük kin käligmä öd-
19) lärtä qayu iliklär qanlar bu nom
20) ärdinig süzüg köngülin äshitsärlär,
21) tïnglasarlär, ayasar aghïrlasar,
22) tapïnsar udunsar, yana bu nom

412. 1) شاد - خۇراملىق بىلەن تولۇپ تېشىپ، خەلقلەر، پۇقرالار
2) كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ بارىدۇ. قاراچىلان يەر تۇپرىقى
3) ئاۋات بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىسسىق، سوغۇقلۇقى
مۆتىدىل بولۇپ،
4) تۆت پەسىل نورمال بولىدۇ.
5) كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىشى
6) ئۆزگەرمەس، بوران ۋە يامغۇر پەسىللىك بولىدۇ.
7) تاسادىپىي بولىدىغان بالايىئاپەتلەر
8) ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كېتىدۇ، ئۆزلىرى
9) مال - دۇنيا، ئۈنچە - مەرۋايىت، ياقۇت قاتارلىق
تۈگىمەس مال - دۇنياغا
10) ئىگە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى
11) - كۆكسى ناھايىتى توق بولىدۇ. ساۋابلىق ئىشنى
ياخشى كۆرىدىغان، پەزىلەتلىك
12) ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان،
ئون پەزىلەتلىك
13) ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلىش يولىدا
مېڭىش ئىمكانىيىتىگە
14) ئىگە بولىدىغان بولىدۇ. قاچان بۇ يەرگە ئۆز
تېنىنى تاشلىسا،
15) نۇرغۇنلىرى ياكى ھەممىسى تەڭرى يېرىدە
16) تۇغۇلۇپ، تەڭرىلەر جامائىتى ئاشار،
17) كۆپىيەر. تۆت ماھاراج-
18) ىتا، بىراق كېيىن كېلىدىغان دەۋر-
19) لەردە قايسى بىر ئىلىكلەر، خانلار بۇ نوم
20) ئەردىنىنى سۈزۈك كۆڭلى بىلەن ئاڭلىسا،
21) تىڭشىسا، ھۆرمەتلىسە، قەدىرلىسە، (ئۇنىڭغا)
22) ئېتىقاد قىلسا، چوقۇنسا، شۇنداقلا بۇ نوم

23) ärdinig boshghuntachï tutdachï tört
24) türlüg tirin quwraghïgh ymä ögsär

22) ئەردىنىنى ئۆگەنگۈچى، ئۇنى قولىدا تۇتقۇچى تۆت
23) تۈرلۈك توپ - جامائەتنى مەدھىيىلىسە،

## VI. 6a (altïnch altï)

413. 1) küllünsär achïnsar ayasarlar. sizlär
2) qamagh tngrilärning tngridäm quwragh-
3) ïngïzlarnïng choghïn yalïnïn küchin
4) küsünin ashïlghalï üstälgäli kösä-

5) särlär, ötrü ol iliklär qan-
6) lar ürük ozatï bu nom ärdinig äshit-
7) sünlär tïnglärsunlär. bu nomugh
8) äshitmäk oghurïnta. . . nom tözin
9) uqmaqlïgh uz tatïgh üzä köngüllüg
10) idishläri tolu bolup, muntaqï törü-
11) chä äwrilsärlär ötrü sizlärning
12) tngridäm choghïngïzlar küchingizlär

13) ashïlïp üstälip, choghlugh yalïnlïgh

14) tolu tükäl bolghaysizlär. anïn
15) inchä bilmish krgäk qayu iliklär
16) qanlar bu nom ärdinig süzüg kirtkünch
17) köngülin äshittachi tïngladachi
18) bolsar. . . ötrü ol iliklär qanlar
19) bashtïnqïta bashtïnqï yig tapïgh udugh
20) üzä manga tapïgh udugh aghïr
21) ayagh qïlmïsh bolghaylar. brük manga
22) tapïgh udugh aghïrayagh qïlmïsh bolsar,
23) ötrü üch ödki burxanlarqa

## ئالتىنچى (تۆپلەم) ئالتىنچى (ياپراق) ئا

413 .1) ئوچۇق چىراي بىلەن غەمخورلۇق قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەتلىسە،
2) بارلىق تەڭرىلەرنىڭ - تەڭرىگە خاس جامائەتلىرى-
3) ڭىزلارنىڭ چوغ - يالقۇنى، كۈچ -
4) قۇدرىتى كۈندىن - كۈنگە ئاشسۇن، قۇدرەت
تاپسۇن دەپ ئويلىساڭ-
5) لار، سىلەر ئىلىكلەر - خان-
6) لار ھەر دائىم بۇ نوم ئەردىنىنى ئاڭلاڭ-
7) لار- تىڭشاڭلار. بۇ نومنى
8) ئاڭلىغانلىق سەۋەبلىك، نوم قانۇننى
9) ئۇققانلىقتىن ئىبارەت ئۇز تېتىم بىلەن كۆڭۈل
10) ئىدىشلىرىڭىز تولۇپ تاشىدۇ. مۇشۇ قانۇنىيەت
11) بويىچە داۋاملاشسا، ئاندىن سىلەرنىڭ
12) تەڭرىگە خاس چوغ - يالقۇنىڭىزلار، كۈچ -
قۇدرىتىڭىزلار
13) كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ، ئۇلغىيىپ، چوغ -
يالقۇنلىرىڭىز
14) تولۇق كامالەتكە يېتىدۇ. بۇنى يەنە
15) شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، قايسى بىر ئىلىكلەر،
16) خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى سۈزۈك، سادىق
17) كۆڭلى بىلەن ئاڭلايدىغان، تىڭشايدىغان
18) بولسا، شۇ ئىلىكلەر - خانلار
19) ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ياخشى ئېتىقاد ۋە چوقۇنۇش
20) بىلەن ماڭا ئېتىقاد قىلغان، چوقۇنغان، ئالىي
21) ھۆرمەت قىلغان بولىدۇ. بىراق ماڭا
22) ئېتىقاد قىلغان چوقۇنغان، ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولسا،
23) ئاندىن ئۈچ زاماندىكى بۇرخانلارغا

## VI. 6b

414. 1) tapïgh udugh aghïr ayagh qïlmïsh bolghay

2) lar. birük üch ödki burxanlarqa
3) tapïgh udugh aghïr ayagh qïlmïsh bolsar-

## ب

414 .1) ئېتىقاد قىلغان، چوقۇنغان، ئالىي ھۆرمەت
بىلدۈرگەن بولىدۇ.
2) ئەگەر ئۈچ زاماندىكى بۇرخانلارغا
3) ئېتىقاد قىلغان، چوقۇنغان، ئالىي ھۆرمەت
بىلدۈرگەن بولسا،

4) lar, ötrü saqïnu sözläyü yitinch-
5) siz ulugh buyan ädgü qïlïnchïgh qïlmïsh
6) qazghanmïsh bolghaylar. anïn szlär
7) bu muntagh oghur yïq üzä bu
8) nom ärdinig äshittächi tïngladachï
9) iliklär qanlarïgh ol ilik
10) qannïng qatunlarïn qïrqïnlar-
11) ïn ïnanchlarïn ulatï bodunïn
12) qarasïn alpïnta ämgäkintä ada-
13) sïnta tudasïnta isig özlüg
14) qorqïnchïnta köyü közätü tutunglar

15) tip yrlïqadï. anta ötrü ol ödün
16) tört mxaranch tngrilär tngri
17) tngrisi burxannïng yrlïqïn
18) äshidip yana inchä tip ötüntilär
19) atï kötrülmish ayaghqa tägimlik
20) tngrim, birük kin käligmä ödtäki
21) qayu iliklär, qanlar öz ät'öz-
22) lärin kösätgäli azu qatunlarïn
23) tigitlärin ordu qarshï ichintäk
24) ich ïnanchlarïn ichäräkilärin közätkäli

4) ئاندىن ئۆزى ئويلاپ، سۆزلەپ، ئارزۇ قىلىپ يېتەلمىگەن
5) ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ياخشى ئىش -ھەرىكەتنى قىلغان،
6) ئارزۇسىغا يەتكەن بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر
7) دەل مۇشۇ پەيتتە بۇ
8) نوم ئەردىنىنى ئاڭلىغۇچى، تىڭشىغۇچى
9) ئىلىكلەرنى، خانلارنى، ئۇ ئىلىك -
10) خانلارنىڭ خوتۇنلىرىنى، دېدەكلىرىنى،
11) ئىنانچىلىرىنى، شۇنداقلا خەلقلىرىنى،
12) پۇقرالىرىنى قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ -
13) خەتەردىن ئىسسىق تەندە بولىدىغان ھەر خىل
14) قورقۇنچلۇقتىن خالى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا
كۆيۈنۈپ، (ئۇلارنى) ئاسراپ تۇتۇڭلار
15) دەپ يارلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن، ئۇ ۋاقىتتا
16) تۆت ماھاراج تەڭرىلەر، تەڭرىلەر
17) تەڭرىسى بۇرخاننىڭ يارلىقىنى
18) ئىشىتىپ يەنە مۇنداق ئۆتۈندى:
19) نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە لايىق
20) تەڭرىم، ئەگەر كېيىن كېلىدىغان زاماندا
21) قايسىبىر ئىلىكلەر، خانلار ئۆز تېنىنى
22) ئاسراپ كۆزەتكىلى، ياكى خوتۇنلىرىنى،
23) تېگىتلىرىنى، ئوردا ئىچىدىكى ئىشەنچلىك ئەمەلدار -
24) خىزمەتچىلىرىنى، ئىچكىرىدىكىلەرنى ئاسراپ كۆزەتكىلى،

## VI. 7a (altïnch yiti)

415. 1) azu balïqïn ulushïn ordusïn qarshï-
2) sïn közätkäli bu nom ärdinig äshit-
3) särlär, tïnglasarlar, ular ötrü
4) saqïnu sözläyü yitinchsiz bashtïnqïta
5) bashtïnqï ulugh ögrünchlük säwinchlik
6) inchkü mängig bulghaylar. közünür
7) azunta il öruni yigätkäy
8) kötrülgäy ilinmäki ärksinmäki ashïl-
9) ghay, östälgäy. ülgülänchsiz tanglanch-
10) sïz ulugh buyan ädgü qïlïnchïgh bulghaylar,

11) qazghanghaylar. yana kntü ilintä
12) ulushïnta yaghï yawlaq adasï busush
13) saqïnch ulatï adïn ada tuda-

## ئالتىنچى (تۇپلەم ) يەتتىنچى (ياپراق ) ئا

415. 1) ياكى شەھىرىنى، دۆلىتىنى، ئوردىسىنى، سارىيىنى
2) ئاسراپ كۆزەتكىلى بۇ نوم ئەردىنىنى ئىشىتـ-
3) سە، ئاڭلىسا، ئۇلار ئاندىن
4) ئويلاپ، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز، ئەڭ
5) يۇقىرى، ئۇلۇغ شاد - خۇراملىقا
6) ئامان - ئېسەنلىككە ئىگە بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرغان
7) بۇ دۇنيادا ئەل - ئورنى يۇقىرى
8) كۆتۈرۈلىدۇ، كۈچ - ئابرۇيى ئېشىپ
9) بارىدۇ، ئۆسۈپ بارىدۇ. ھېسابسىز - تەڭداشسىز
10) ئۇلۇغ ساخاۋەتلىق ياخشى ئىش - ئەمەللەرگە ئىگە
بولىدۇ،
11) ئېرىشىدۇ. يەنە ئۆز ئېلىدە،
12) ئۇلۇشىدا ياۋۇز دۈشمەن خەتىرى، قايغۇلۇق
13) يامان نىيەت ۋە خىيال شۇنداقلا باشقا خەۋپ - خەتەر -

14) lar bolmaghay. atï kötrülmüshä, inchip
15) ol iliklär qanlar simtagh usal
16) bolmatïn täringtä täring aghïr
17) ulugh süzüg ärdinig kirtkünch köngülin ötrü
18) bu nom ärdinig äshitkäli tïnglaghalï
19) yti qïnïgh bolmish krgäk. qachan birük
20) bu nom ärdinig äshitgäli tïnglaghalï
21) saqïnsar, ötrü ang ashnu ol ilik
22) qan kntü özi säwär taplayur

14) لەر بولمىغاي. نامى ئۇلۇغ (تەڭرىم) ، شۇنداق
قىلىپ
15) ئۇ ئىلىكلەر، خانلار ئاجىز، بىپەرۋا
16) بولماستىن، ئەڭ چوڭقۇر، ناھايىتى
17) ئۇلۇغ، سۈزۈك، سەمىمىي كۆڭلى بىلەن ئاندىن
18) بۇ نوم ئەردىنىنى ئاڭلىغىلى، ئىشتىكىلى،
19) ناھايىتى كەسكىن زوق - ھەۋەستە بولۇشى
كېرەك. ئەگەر
20) بۇ نوم ئەردىنىنى ئىشتىپ ئاڭلاشنى
21) ئارزۇ قىلسا، ئاندىن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ ئىلىك -
22) خانلار شەخسەن ئۆزلىرى ياخشى كۆرۈپ ئارزۇ قىلغان،

## VI. 7b

416. 1) közünügli achuq tashang orunta
2) yïdlïgh yïparlïgh suw sachïp tü tür-
3) lüg äsrinkü körklä xua chächäklär
4) tolaäp idiz yüksäk arslanlïgh
5) örgün urup ol örgünüg yinchü
6) monchuq tisigi üzä itip yaratïp
7) adruq adruq brä küsätirlär
8) asïp ängi öngi ärdinilär tugh-
9) lar tikip satïghsïz ädgü yïd
10) yïparlar köyürüp bish türlüg
11) tüzülmish yinchkä oyunlar idish-
12) türüp ol ilik qan suwqa kirip
13) ät'özingä yïdï yïpar türtüp
14) yangï arïgh ton kädip iliklärning
15) qanlarnïng öz itigin yaratïghïn
16) urunup mn mnning küwänch köngülin
17) kitirip süzüg kirtkünch köngül-
18) in ashïp östäp nomlatachï nom-
19) chï üzä yolchï yirchi ulugh baqsi
20) saqïnchïn turghurup timin ök
21) bu nom ärdinig äshitmish tïnglamïsh
22) krgäk. yana ordu qarshï ichintäki
23) qatunlar, tigitlär bäglär

## ب

416. 1) كۆزگە كۆرۈنىدىغان ئوچۇق، سىرتقى ئورۇندا
2) ھىد - ئىپارلىق سۇ چېچىپ ھەر تۈر -
3) لۈك رەڭگارەڭ چىرايلىق گۈل - چېچەكلەرنى
4) توشتۇرۇپ، يۈكسەك، ئېگىز ئارسلانلىق
5) تەخت ياساپ تۇرغۇزۇپ، ئۇ تەختنى ئۈنچە -
مەرۋايىت،
6) مونچاق بىلەن بېزەپ، ياساپ
7) ھەر خىل تۇغ - بايراق، سايىۋەنلەر
8) ئېسىپ، ھەر خىل ئەردىنىلەر، تۇغ - ئەلەملەرنى
9) تىكىپ، بىباھا ئېسىل ھىد -
10) ئىپارلارنى كۆيدۈرۈپ، بەش تۈرلۈك
11) نازۇك مۇزىكا، ئويۇنلارنى تەڭكەش
12) قىلىپ، ئۇ ئىلىك - خان سۇغا كىرىپ،
13) ئۆز بەدىنىگە ھىد - ئىپار سۈرۈپ،
14) يېڭى - پاكىز تون كىيىپ، ئىلىكلەرگە،
15) خانلارغا خاس بېزىنىپ - ياسىنىپ،
16) مەن - مەنچىلىك، تەكەببۇر كۆڭۈلنى
17) يىراق قىلىپ، سۈزۈك سەمىمىي كۆڭۈل-
18) نى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ نوم نوملىغۇچى-
19) غا قارىتا يول باشلىغۇچى ئۇلۇغ ئۇستاز
20) دەيدىغان نىيەتنى تۇرغۇزۇپ، دەرھال
21) بۇ نوم ئەردىنىنى ئىشتىشى، ئاڭلىشى
22) كېرەك. يەنە ئوردا، شەھەر ئىچىدىكى
23) خوتۇنلار، تېكىنلەر، بەگلەر،

## VI. 8a (altïnch säkiz)

417. 1) buryuqlar ïnanchlar tayanchlar arqasï
2) bir ikintikä uchsuz kägsiz öwkä-
3) siz qanqïghsïz aymanchsïz köngülin
4) ärtingü ögrünchlüg säwinchlig bolmïsh
5) krgäk. artuqraq taqï bu nom ärdini
6) üzä aghïr ayagh köngül öritmish
7) krgäk tip ötüntilär.
8) ötrü ol ödün tügäl bilgä
9) tngri tngrisi burxan tört mxaranch
10) tngrilärning bu ötüglärin äshitü
11) yrlïqap inchä tip yrlïqadï:
12) anglanglar yirtinchü kösätdächilärä,
13) bu nom ärdinig ishitkäli oghrasarlar
14) nomladachï nomchïqa sizlär ötünmish
15) täk aghïr ayagh yinik titir, muntagh
16) qïlghuluq ärmäz. nätäg qïlghuluq
17) ol tip tisär, an ämti mn siz-
18) lärkä ayu biräyin. birük qayu ilik-
19) lär qanlar bu nom ärdinig nomlatgha-
20) lï oghrasarlar, ang bashlayu ol
21) ilik qan qltï öngräki törüchä
22) suwqa birip ät'özin yumïsh

## ئالتىنچى (تۆپلەم) سەككىزىنچى (ياپراق) ئا

417. 1) بۇيرۇقلار، ۋەزىرلەر، تايانچلار ـ ياردەمچىلەر،
2) بىر ـ بىرىسى بىلەن جېدەل ـ ماجىراسىز، دۈشمەنلەشمەيدىغان،
3) ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، ئوچۇق كۆڭۈل،
4) ناھايىتى خۇشخۇي، شاد ـ خۇرام بولۇشى
5) كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بۇ نوم ئەردىنى
6) ھەققىدە ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەت قىلىدىغان كۆڭۈلنى
7) تۇرغۇزۇشى كېرەك، دەپ ئۆتۈندى.
8) ئاندىن ئۇ ۋاقىتتا تولۇق بىلگە
9) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان تۆت ماھاراج
10) تەڭرىنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلاپ،
11) مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى:
12) بۇ يەر ـ جاھاننى كۆزەتكۈچىلەر، ئاڭلاڭلار.
13) بۇ نوم ئەردىنىنى ئاڭلىغىلى تەييارلانسا،
14) نوملىغۇچى نومچىغا سىزلەر ئۆتۈنگەن ـ
15) دەك ھۆرمەت قىلسا، بۇ يېنىك كېلىدۇ دېيىلىدۇ. بۇنداق
16) قىلغۇلۇق ئەمەس. قانداق قىلغۇلۇق
17) دېسە، بۇنى ئەمدى مەن سىز ـ
18) لەرگە سۆزلەپ بېرەي. مۇبادا قايسىبىر ئېلىك ـ
19) لەر، خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى نوملاتقىلى
20) تەييارلانسا، ئەڭ دەسلەپتە ئۇ
21) ئېلىك ـ خان يۇقىرىقى قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە
22) سۇغا بېرىپ بەدىنىنى يۇيۇشى،

## VI. 8b

418. 1) arïtmïş krgäk. anta basa
2) kädmädük yörüng arïgh yangï ton
3) kädip qop türlüg itig yaratïgh üz-
4) ä ät'özin uz itmish yaratmïsh
5) krgäk. ät'özin uz itmishtä
6) kin süü chärig tonlarï üzä
7) tirin quwraghïn itip tonlap ötrü
8) kntü özi yürüng kushatri
9) tütsük xua chächäklär birlä
10) ilikintä tutup oyunïn bätizin
11) idishtürüp yadaghïn yorïyu ordu

## ب

418. 1) پاكىزلىنىشى كېرەك. ئاندىن كېيىن
2) كىيىمگەن يۇرۇڭ ـ ئاق، ئېرىغ ـ پاك يېڭى تون
3) كىيىپ، ھەر تۈرلۈك زىبۇ زىننەت بىلەن
4) بەدىنىنى بېزەپ ـ ياساپ جابدۇنۇشى
5) كېرەك. بەدىنىنى چىرايلىق ئۈز جابدۇپ بېزىگەندىن
6) كېيىن، ھەربىي ئەسكەر كىيىملىرىنى
7) توپ ـ جامائەتكە كىيگۈزۈپ ياساپ، ئاندىن
8) شەخسەن ئۆزى ئاق كۇشاتىر
9) ئىس ـ پۇراقلىق گۈل ـ چېچەكلەرنى
10) قولىدا تۇتۇپ، ئويۇن ـ مۇزىكىنى
11) تەڭكەش قىلىپ، ياياق مېڭىپ، ئوردا

12) qapïghïnta taştïn ünüp ärtin'gü
13) aghïr ulugh saqïnchïn atlïgh manggal-
14) lïgh törülärig qïlturu ol nomchïqa
15) ötrü barmïsh krgäk. nä üchün
16) ol yalanguqlar qanïn munchulayu
17) yanglïgh aghïr ayagh qïlmaqïgh yrlïqayur
18) ärki tip tisär, sizlär anï incha
19) bilinglär, tört mxaranchlara
20) qltï ol illär qanï mn yrlïqamïsh-
21) cha aghïr ayagh tükäl qïlïp kntü
22) özläri yadagh yorïp adaghlarïn
23) ärkläyü mang sayu mangmishcha

## VI. 9a (altïnch toquz)

419. 1) yüz ming tümän kolti nayut sanïncha
2) burxanlarqa barchaqa aghïr ayagh qïl-
3) mïsh bolur. munung sanïncha oq kalp
4) ödlärkä tägi toghmaq ölmäklig
5) tod tulïy aqmaq tägrilmäklig
6) ämgäklärtin ozmïsh qutrulmïsh bolur.
7) muncha tänglig ok kalp öd-
8) lärtä altun tilgänlig chagira-
9) wart ilik qan bolghulugh ulugh buyan
10) ädgü qïlïnchïgh qïlmïsh qazghanmïsh bolur.

11) yana mang mang sayu adaghlarïn
12) irklämishchä bu közünür azuntaqï
13) qutï qïwï ashïlur, ilinmäki ärksinmäki

14) östälür, choghï yalïnï qashïnchïgh
15) qamaghqa bir yanglïgh ayaghuluq angïtkü-
16) lüg bolur. taqï ymä azunta
17) azunta yüz ming tümän kolti
18) kalp ödlärkä tögi tngri yirintä
19) yalanguq yirtinchüsintä qayuta
20) toghsar, sini söngüki uz yüzi
21) mängizi körüklä özi yashï uzun
22) ögrünchlüg mängilig achuq adïrtlïgh

12) دەرۋازىسىدىن تاشقىرى چىقىپ، ناھايىتى
13) ئۇلۇغ ياخشى نىيەتلىك بىلەن ئاتلىق ماڭغاللىق
14) قائىدە - نىزاملارنى قىلىپ، ئۇ نومچىنىڭ
15) ئالدىغا ئۇدۇل بېرىشى كېرەك. نېمە ئۈچۈن
16) بۇ ئىنسانلار مۇشۇنچىۋالا
17) ھالدا ئۇلۇغ ھۆرمەت - ئىكرام قىلىشى كېرەك
18) دېگەندە، سىزلەر بۇنى مۇنداق
19) بىلىپ چۈشىنىڭلەر. تۆت ماھاراج،
20) ئۇ ئەللەر خانى خۇددى مەن يارلىق قىلىپ ئېيتقاندەك،
21) ئۇلۇغ ھۆرمەت - ئېھتىرامنى تولۇق قىلىپ پەقەت
22) ئۆزى ياياق يۆرۈپ، مەزمۇت
23) دەسسەپ، ھەر بىر قەدىمىنى ئوخشاش ئېلىپ ماڭسا،

## ئالتىنچى (تۆپلەم) توققۇزىنچى (ياپراق) ئا

419. 1) يۈز مىڭ تۈمەن كولتى نايۇت سانىغا باراۋەر
2) بۇرخانلارغا ھەممىسىگە زور ھۆرمەت قىل-
3) غان بولىدۇ. يەنە مۇشۇنىڭ سانىغا باراۋەر كالپ
4) زامانغا يەتكۈچە تۇغماق ئۆلمەكلىك
5) كەڭ دېڭىزدا ئاقماق، ئايلانماق
6) ئازابىدىن ئۇزايدىغان، قۇتۇلىدىغان بولىدۇ.
7) يەنە مۇشۇنىڭغا باراۋەر كالپ زامان-
8) لاردا ئالتۇن چاقلىق چاكرا-
9) ۋارت ئىلىك خان بولغۇلۇق ئۇلۇغ ساخاۋەتلىك
10) ياخشى ئىش - ئەمەلنى قىلىدىغان، شۇنىڭغا
ئېرىشەلەيدىغان بولىدۇ.
11) يەنە ھەر قەدىمىدە ئايىغىنى - قەدىمىنى
12) مەزمۇت دەسسىگىنىچە بۇ كۆرۈنۈر دۇنيادا
13) قۇت - بەختى، شۆھرىتى ئاشىدۇ، دۆلەتنى ئىدارە
قىلىشى، كۈچ - قۇدرىتى
14) ئۆسۈپ بارىدۇ. سۇر - ھەيۋىسى، قەدىر - قىممىتىنى
15) ھەممە ئوخشاش ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان
16) بولىدۇ. تېخى يەنە دۇنيادا
17) يۈز مىڭ تۈمەن كولتى
18) كالپ زامانلارغا يەتكۈچە مەيلى تەڭرى يېرىدە،
19) مەيلى ئىنسانلار دۇنياسىدا بولسۇن، قەيەردە
20) تۇغۇلسا بەدەن سۆڭىكى ئۈز، يۈز -
21) مەڭزى چىرايلىق، يېشى ئۇزۇن،
22) خۇشخۇي، شاد - خۇرام بولىدۇ، ئوچۇق، ئىدىتلىق

420. 1) yrlïqamïsh yrlïqï tïdïghsïz tngrikä
2) yalanguqqa, taplaghuluq, ärdinilig
3) orunta toghdachï toghmïsh orun
4) sayu ilik qan boltachï. yana tngrining
5) yalanguqnïng baqshïsinga tüshtächi ädgü
6) ädgü ögli birlä tüsüshtächi ulugh
7) işlärig ishlädächi ulugh buyanlar-
8) ïgh qïltachï bolurlar. tört mxarancha-
9) lara. bu muntagh yanglïgh tanglanchïgh
10) mungadïnchïgh öngi öngi adruq adruq
11) ulugh asïgh tusularïgh körüp, anïn
12) ol yalanguqlar qanï kntü özläri
13) ök bu nom ärdinig nomladachï nom-
14) chïqa ötrü bir yuchan ulatï yuz
15) yuchan yirkä tägi barmïsh krgäk.
16) yana ol nomchï üzä burxan
17) saqïnchïgh saqïnmïsh krgäk. qachan
18) öz ordushïnga kirtüktä ya
19) bükünki kün üzä baqshïmïz sakimuni
20) tngri tngrisi burxan kntü üzi
21) mäning tapïghïmïn ayaghïmïn alghalï
22) ordumqa qarshïmqa kirü yrlïqadï
23) inchip ämti manga nom nomlayu

420. 1) قىلغان يارلىقلىرى توسالغۇسىز هالدا تەڭرى
2) ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، ئۆزى ئەردىنىلىك
3) ئورۇنلاردا تۇغۇلغان بولسا، شۇ تۇغۇلغان ئورنىدا
4) ئېلىك - خان بولىدۇ. يەنە تەڭرىلەرنىڭ،
5) ئىنسانلارنىڭ ئۇستازىغا مەنسۇپ بولغان ئىزگۇ -
6) ياخشى نىيەت بىلەن پۈتتۈرىدىغان ئۇلۇغ
7) ئىشلارنى، ئۇلۇغ ئىزگۇ - بۇيانلارنى
8) قىلالايدىغان بولىدۇ. تۆت ماهاراجىلار،
9) بۇنداق يوسۇندىكى، (كىشىنى) تاڭ قالدۇرىدىغان،
10) ئەجەبلەندۈرىدىغان هەر تۈرلۈك،
11) ئۇلۇغ پايدا - مەنپەئەتلەرنى كۆرۈپ، ئاندىن
12) ئۇ ئىنسانلار خانى شەخسەن ئۆزلىرى
13) بۇ نوم ئەردىنىنى نوملىغۇچى نومچىلارنىڭ
14) يېنىغا بىر يوچان[19] هەتتا يۈز يوچان
15) يەردىن يېرىشى كېرەك.
16) يەنە ئۇ نومچىغا بۇرخان ئويىنى
17) ئويلاش كېرەك. ئۇ نومچى
18) ئۆز ئوردىسىغا كىرگىنىدە، بۈگۈنكى
19) كۈندە ئۇستازىمىز ساكيامۇنى -
20) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان شەخسەن
21) ئۆزى مېنىڭ هۆرمەت - ئېهتىرامىمنى قوبۇل
22) قىلىش ئۈچۈن، ئوردامغا - سارىيىمغا قەدەم
23) تەشرىپ قىلدى، ئەمدى ماڭا نوم تەپسىرلەپ

## Ⅵ. 10a (altïnch ülüsh on)

## ئالتىنچى (تۈپلەم) ئونىنچى (ياپراق) ئا

421. 1) yrlïqar kim mn ol nomugh äshitsärmn
2) ötrü üsäliksiz üstünki yig köni
3) tüz tuymaq burxan qutïnga yanmaqsiz
4) äwrilmäksiz bulghaymän, bu oq tïltagh
5) ïntïn sansïz öküsh bodistiwlar birlä
6) ughatmadïn shashmadïn tushqaymn.
7) üch ödki burxanlarqa tapïnmïsh
8) udunmïsh bolghaymn. bu künki bu qut-
9) lugh küntä tamu brit yïlqï bu üch
10) yawlaq yoltaqï achïgh tarqa ämgäklär-

421. 1) يارلىق قىلىدۇ. مەن ئۇ نومنى ئاڭلىسام،
2) ئاندىن يۈكسەك ئۈستۈنكى ياخشى، توغرا
3) تۈز تۇيماق بۇرخان قۇتىدىن يانمايدىغان،
4) تەۋرىمەيدىغان بولىمەن. دەل مۇشۇ سەۋەب -
5) ۋەجدىن سانسىزلىغان - نۇرغۇنلىغان بودىساتۋا بىلەن
6) تېز ئۇچراشقايمەن.
7) ئۈچ زاماندىكى بۇرخانلارغا ئېهتىرام
8) هۆرمەت قىلىدىغان بولغايمەن. بۈگۈنكى بۇ قۇت -
9) لۇق كۈندە دوزاخ، يىرتقۇچ، يىلقى بۇ ئۈچ
10) يامان يولدىكى ئاچچىق، ئېغىر ئازابلار -

11) tin ozarmn qutrulurmn. öküsh
12) azunlarta chakrawart ilik qan
13) bolghuluq äzrua xormuzta tngri-
14) lär orunïnta toghquluq buyan
15) ädgü qïlurmn qazghanurmn, ülgüsüz
16) sansïz tïnlghlarïgh sansar ämgäk-
17) intin ozghurup nirwan mängisingä
18) tägürgülük küch küsünkä täggülük
19) buyanlïgh ulugh bädük yükmäkig yügär-
20) mn yïgharmn. ordumïn qarsïmïn
21) tirinimin quwraghïmïn ulatï
22) bodunïmïn qaramïn ilimin ulush

11) دىن ئۇزارمەن، قۇتۇلارمەن. نۇرغۇن
12) دۇنيادا چاكراۋارت ئىلىگ خان
13) بولغۇلۇق ئەزرۇئا، خورمۇزتا تەڭرى-
14) لەر ئورنىدا تۇغقۇلۇق ساخاۋەت
15) پەزىلەتنى قىلارمەن، ۋە قازىنارمەن. ھېسابسىز-
16) سانسىز جانلىقلارنى سانسار ئازابى-
17) دىن قۇتۇلدۇرۇپ، نىرۋانى خۇشاللىقىغا
18) يەتكۈزگۈلۈك كۈچ - قۇدرەتكە يەتكۈلۈك
19) پەزىلەتنىڭ ئۇلۇغ - چوڭ دۆۋىسىنى توپلاپ
20) يىغقايمەن. ئوردا - سارىيىمنى،
21) توپ - جامائىتىمنى شۇنداقلا
22) خەلقىمنى، پۇقرالىرىمنى، ئىلىمنى - دۆلى-

## VI. 10b

## ب

422. 1) umun inch mängilig qïlghulugh tïltagh-
2) ta äwrilürmn. ach qïs ig kägän
3) bolmaghuluq yat yaghïqa basïnmaghuluq
4) ish kütügük ishläyürmä tip munchula-
5) yu saqïnmïsh krgäk. tört mxarancha-
6) lara kim käligmä ödtäki ilik-
7) lär qanlar bu nom ärdinig nom-
8) ladachï nomchïqa bu muntagh yanglïgh
9) aghïr ayagh qïlmïsh krgäk. yana bu
10) nom ärdinig boshghuntachï tuttachï toyïn
11) samnanch upasi upasanch tört
12) türlüg tirin quwraghïgh ymä ayamïsh
13) achïnmïsh ögmish küylämish krgäk.
14) bu muntagh ädgülüklärtä äwrilmish
15) qïlmïsh buyan ädgü qïlïnchlarïn yana
16) sizlärkä, sizlärning quwragh-
17) ingizlargha äwirmish krgäk. birük
18) qayu iliklär qanlar munchulayu,
19) yangïn mn yrlïqamïsh yrlïqcha
20) qïlsarlar, ötrü ol iliklär
21) qanlar ulugh qutlugh ülgülüg
22) ulugh buyan ädgü qïlïnchlïgh ulugh
23) ilinmäklig äriksinmäklig ulugh chogh-

422. 1) تىمنى ئامان - ئېسەن شاد - خۇراملىققا
2) ئايلاندۇرىمەن. ئاچ - يالىڭاچ، كېسەل - ئاجىز
3) بولمايدىغان، يات دۈشمەن تەرىپىدىن باستۇرۇلمايدىغان
4) ئىش - ئەمەللەرنى قىلىمەن دەپ مۇشۇنچىلا
5) ئويلىنىشى كېرەك. ھەي تۆت ماھاراج،
6) كېيىن كېلىدىغان زاماندىكى ئىلىك-
7) لەر، خانلار بۇ نوم ئەردىنىنى نوملىغۇ-
8) چى نومچىغا بۇ مۇشۇنداق ھالدا
9) ئۇلۇغ ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. يەنە بۇ
10) نوم ئەردىنىنى ئۆگەتكۈچى، ئۇنى قولىدا تۇتقۇچى تويىن،
11) شامىنانچ - ئۇپاسى - ئۇپاسانچ تۆت
12) تۈرلۈك توپ - جامائەتنى يەنە ھۆرمەتلىشى، ئۇلارغا
13) ئېھتىرام بىلدۈرۈشى، مەدھىيىلىشى - كۈيلىشى كېرەك.
14) مۇشۇنداق ئەزگۈلۈك بىلەن قىلغان
15) ئەزگۈ - ساۋابلىق ئىش - ئەمەللەرنى يەنە
16) سىزلەر ۋە سىزلەرنىڭ جامائىتىڭىز-
17) لەرمۇ قىلىشى كېرەك. ئەگەر
18) قايسىبىر ئىلىكلەر - خانلار مۇشۇ
19) ھالدا مەن قىلغان يارلىق بويىچە
20) ئىش تۇتسا، ئاندىن ئۇ ئىلىكلەر،
21) خانلار ئۇلۇغ، قۇتلۇق، تەلەيلىك
22) ئەزگۇ - ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدىغان، ئۇلۇغ
23) ھاكىمىيەتكە، كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، ئۇلۇغ سۆر-

## Ⅵ. 11a (altïnch on bir)

423. 1) lugh yalïnlïgh bolghaylar. qop türlüg
2) ädgü blgülär ol ilik qanlarnïng
3) ilintä ulushïnta közüngäy blgür-
4) gäylär. yawlaq saqïnchlïgh yaghïlarïgh
5) alqunï barcha adugh asra qïlïp
6) köni nom üzä köntürgäy, basqay
7) utqay yigätkäy tip yrlïqadï.
8) ötrü ol tört mxaranch tngrilär
9) tngri tngrisi burxannïng yrlïqïn
10) äshitip yana ïncha tip ötüntilär.
11) atï kötrülmish ayaghqa tägimlik
12) tngrim birük iliklär qanlar
13) qltï tngrim siz yrlïqaghuchï bu törü-
14) chä äwrilip bu törülärig tügäl qïlïp

15) bu nom ärdinig äshitsärlär, yana bu
16) ärdinig boshquntachï tutta-
17) chï tört türlüg tirin quwraghqa
18) ymä ayasar achïnsar ögsär küylä-
19) särlär, ötrü ol yalanguqlar xanï
20) bisni ögirzun säwinzün tip
21) saqïnsarlar. inchip ol nomchï
22) olurghuluq asan tüpingä yaghuq

## ئالتىنچى (تۆپلەم) ئون بىرىنچى (ياپراق) ئا

423 .1) هەيۋىگە ئىگە بولىدۇ. هەر تۈرلۈك
2) ياخشى بەلگە ـ ئالامەتلەر ئۇ ئىلىك خاننىڭ
3) ئېلىدە ـ دۆلىتىدە كۆرۈنىدۇ ـ پەيدا
4) بولىدۇ. يامان غەرەزدىكى دۈشمەنلەرنىڭ
5) ھەممىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ،
6) توغرا نوم بىلەن ئۇلارنى كۆندۈرگەي، باسقاي،
7) ئۇتقاي، يەڭگەي دەپ ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈندى.
8) ئاندىن كېيىن ئۇ تۆت ماھاراج تەڭرىلەر
9) تەڭرىسى بۇرخاننىڭ يارلىقىنى
10) ئاڭلاپ، يەنە مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:
11) نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە لايىق
12) تەڭرىم، ئەگەر ئىلىكلەر ـ خانلار
13) خۇددى تەڭرىم سىز يارلىق قىلغان بۇ قائىدە ـ نىزام
14) بويىچە ئىش تۇتۇپ، بۇ قائىدىلەر تولۇق ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ،
15) بۇ نوم ئەردىنىنى ئاڭلىسا، يەنە بۇ
16) نوم ئەردىنىنى ئۆگەنگۈچى، تۇتقۇچى
17) تۆت تۈرلۈك توپ ـ جامائەتكە
18) يەنە سۆزلىسە، يەشسە، مەدھىيىلىسە، كۈچلەن-
19) دۈرسە، ئاندىن بۇ ئىنسانلار خانى
20) بىزنى ياخشى كۆرسۇن، سۆيسۇن دەپ
21) ئويلىسا، يەنە شۇنداق قىلىپ ئۇ نومچى
22) ئولتۇرىدىغان تەختكە تۆپىسىگە يېقىن (جايغا)

## Ⅵ. 11b

424. 1) yïdlïgh yïparlïgh suw kötüp tü
2) türlüg äsringü xua chächäklär
3) sachïp kim biz qamaghun ol yalanguq-
4) lar xanï birlä olurup nom tïnglaghu-
5) luq tört örgünlär qïlzun
6) ol ilik qannïng nä türlüg
7) buyan ädgü qïlïnchï ärsär, anï
8) barcha bizingä äwirzün. nächädä
9) birük ol ilik qan biz üchün
10) tütsüg urup bu nom ärdinikä
11) nomladachï nomchïqa aghïr ayagh

## ب

424 .1) ئىپار ـ ھىدلىق سۇ تۆكۈپ، تۈر ـ
2) لۈك رەڭلىك گۈل ـ چېچەكلەر
3) چېچىپ، بىز ھەممىمىز ئۇ ئىنسانلار
4) خانى بىلەن بىرلىكتە نوم ئاڭلايدىغان
5) تۆت تەخت ھازىرلىسۇن.
6) ئۇ ئىلىك خاننىڭ قانچە تۈرلۈك
7) ئىزگۈ ـ ساۋابلىق ئىش ـ ئەمەللىرى بولسا،
8) ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئۆگىتىپ قويسۇن.
9) بىراق ئۇ ئىلىك خان بىز ئۈچۈن،
10) ئىسرىق سېلىپ، بۇ نوم ئەردىنىنى
11) نوملىغۇچى نومچىغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام

12) qïlzun. ol tütsüknüng tütüni
13) turum ara kök qalïq ichintä
14) yadïlïp bizning yana ordumïz-
15) qa qarshïmizqa tägip tngridäm
16) küsätri bolup tägzinü turghay.
17) biz ol kusatri körüp tütsük
18) yïdïn tutughumuzta ol tütsük-
19) lüg kushatridin altun önglük
20) yruqlar ünüp ordumizni qarshï-
21) mïzni yrutqay yashutqay ang-
22) mïntïn äzrua tngri ordusïnga
23) tägi qayu ärklig küchlüg bash bashdïng

## VI. 12a (altïnch iki ygrmi)

425. 1) tngrilärning. luularnïng tishi irkäk
2) qut waxshiklärning ordu qarshïlar-
3) ï ärsär. incha qltï äzrua tngri-
4) ning xormuzta tngrining, saraswati
5) tngri qïzïnïng, sirikini qut
6) tngrisining, wasundari yir qatunï-
7) nïng, sanchanachawi orungutnung
8) qamagh säkiz otuz bagh tngrilärning,
9) magiswari tngrining, wchirapani tonga
10) manibadari urungutnung xarïnïnïng
11) bish yüz quẏraghlarïnïng, ymä anawadapdï
12) luu qanïnïng ulugh taluy ögüz
13) ärkligining, bularnïng nächä orun-
14) larï ordularï ärsär, ol tütsük
15) barchaqa tägip bizingchilayu ok
16) tütsüklüg kushatrilar blgürüp,
17) ol kushatrilarïgh körüp tütsük yïdïn
18) tutughlarïnta ötrü ol kushatri-
19) lartïn altun önglüg yruqlar ün-
20) mishin körgäylär. oq bu muntagh yangïn
21) ol tütsük turum ara bu qamagh tngri-
22) lär ordusïnga tüzükä tägip

12) بىلدۇرسۇن. ئۇ ئىسرىقنىڭ تۈتۈنى
13) تۇرغان ئورنىمىزدىن كۆك ئاسمانغا
14) يېيىلىپ، يەنە بىزنىڭ ئوردىمىز،
15) سارىيىمىزغىچە بېرىپ، تەڭرىگە خاس
16) ئىسرىق چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلىپ تۇرسۇن.
17) بىز بۇ ئىسرىق چەمبىرىكىنى كۆرۈپ، ئىسرىق
18) ھىدىدىن، ھېلىقى ئىسرىق
19) چەمبىرىكىدىن ئالتۇن رەڭلىك، نۇر
20) چىقىپ ئوردىمىزنى، سارىيىمىزنى
21) يورۇتسۇن، يالتىراتسۇن. شۇنداقلا
22) ئەۋلىيا ـ تەڭرىلەرنىڭ ئوردىسىغىچە،
23) قۇدرەتلىك ، كۈچلۈك، ئاساسلىق

## ئالتىنچى (تۇپلەم ) ئون ئىككىنچى (ياپراق ) ئا

425 .1) تەڭرىلەرنىڭ، ئەجدىھالارنىڭ ئەكەك، چىشى
2) قۇت ـ ئىلاھلىرىنىڭ ئوردىلىرى، سارايـ
3) لىرىغىچە، شۇنداقلا ئەۋلىيا تەڭرىلەرنىڭ،
4) خورمۇزتا تەڭرىنىڭ، ساراسۋاتى
5) تەڭرى قىزىنىڭ، شىرىكىنى[199] قۇت
6) تەڭرىسىنىڭ، ۋاسۇندارى[200] يەر خاتۇنى
7) (ئىلاھى ) نىڭ، سانچاناچاۋى بۇرۇڭۇتنىڭ،
8) يىگىرمە سەككىز فامىلىلىك تەڭرىلەرنىڭ،
9) ماگىسۋارى[201] تەڭرىنىڭ، ۋىچىراپانى باتۇر،
10) مانسادارى بۇرۇڭۇتنىڭ خارىنىنىڭ
11) بەش يۈز جامائىتىنىنىڭ، يەنە ئاناۋاداپتى
12) ئەجدىھا خانىنىڭ، ئۇلۇغ دەريا ـ دېڭىز
13) ھۆكۈمرانىنىڭ، بۇلارنىڭ قانچە ئورۇن ـ
14) جايلىرى، ئوردىلىرى بولسا، ئۇ ئىسرىق
15) ھەممىگە يېتىپ بېرىپ، بىزنىڭكىگە ئوخشاش
16) ئىسرىقلىق چەمبىرىكى ھاسىل بولۇپ،
17) ئۇ ئىسرىقلىق چەمبىرەكنى كۆرۈپ، ئىسىرىق
ھىدىنى
18) پۇرىغاندا، ئۇ ئىسرىق چەمبىرىكىدىن
19) ئالتۇن رەڭلىك، نۇرنىڭ
20) چىققانلىقىنى كۆرسۇن. مۇشۇنداق يوسۇندا
21) ئۇ ئىسرىق تۇرغان ئورۇندا بۇ بارلىق تەڭرىلەر
22) ئوردىسىغا تەكشى تېگىپ،

426. 1) altun önglüg yruqïn yarutu
2) yashutu turghaylar tngrim tip ötün-
3) tilär. tngri tngrisi burxan yana
4) tört mxarancha tngrilärkä inchä
5) tip yrlïqadï: alanglar tört
6) mxaranchalara, kim ol tütsük-
7) lüg yaruq yaltrïqlarnïng inchip
8) yalanguz sizlär ötünmishchä bu muncha
9) orunlarqa tägir ärmäz. nä üchün
10) tip tisär, kim ol yalanguqlar
11) qani bk bädük aghïr ulugh süzüg
12) kirtkünch köngülin qatïgh qïnïgh kirtü
13) saqïnchïn kntü ilikintä tütsük
14) tutup ädgü yïd yïparlarïgh köyürüp
15) bu nom ärdinikä nomlatachï nomchï-
16) qa tapïgh udugh qïlsar, ötrü ol
17) aghïr ayagh qïlmïsh taqï urmïsh
18) tütsüknüng tütüni bir kshan
19) öd ichintä üch ming ulugh ming
20) yirtinchütä yadïlïp nächä tngrilär-
21) ning luularning yäklärning
22) gandarwilarning asurilarnïng
23) garutilarning kinarilarning

426. 1) ئالتۇن رەڭلىك، نۇر بىلەن يورۇتۇپ
2) نۇرلاندۇرۇپ تۇرغاي، تەڭرىم دەپ ئۆتۈن-
3) دىلەر. تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان يەنە
4) تۆت ماھاراج تەڭرىگە مۇنداق
5) دەپ يارلىق قىلدى: ئاڭلاڭلار، تۆت
6) ماھاراج، ئۇ ئىسرىقلىق
7) نۇرلۇق - يالتىراقلارنىڭ نۇرى
8) سىلەر ئۆتۈنگەندەك، مۇنچىۋالا
9) ئورۇنلارغا يېتىپ بارالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن
10) دېگەندە، ئۇ ئىنسانلار
11) خانى بەك بۈيۈك، ئېغىر، ئۇلۇغ، سۈزۈك
12) سادىق كۆڭلى بىلەن، جىددىي ئارزۇدا ساداقەت
13) ئوي بىلەن ئۆز ئېلىدە ئىسرىق
14) سېلىپ، ياخشى ھىد - ئىپارلارنى كۆيدۈرۈپ
15) بۇ ئەردىنىنى نوملىغۇچى نومچىغا
16) ھۆرمەت - ئېھتىرام قىلسا، ئاندىن ئۇ
17) قاتتىق ھۆرمەت قىلغان، سېلىنغان
18) ئىسرىقنىڭ تۈتۈنى بىر كىشانتى
19) ۋاقىت ئىچىدە، ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ
20) يەر - جاھانغا يېيىلىپ، تەڭرىلەرنىڭ،
21) ئەجدىھالارنىڭ، ئالۋاستىلارنىڭ،
22) گاندارۋىلارنىڭ، جىن - شەيتانلارنىڭ،
23) گارۇتىلارنىڭ، كىنارىلارنىڭ

## VI. 13a (altïnch üch ygrmi)

427. 1) maxoragilarnïng ordularï qarshï-
2) lar ärgülük turghuluq yir orun-
3) larï ärsär ularqa barchaqa tüzü-
4) kä tägip kök qalïq ichintä tolu
5) tü türlüg adruq adruq tütsük-
6) lüg kusatrilar blgürüp, ol kushatri-
7) lartïn ymä ök altun
8) önglüg yruqlar ünüp ol ol
9) yir orunlarïgh barchanï yarutqay
10) yashutqaylar. antada basa oq
11) bu tütsüklüg kushatrilar ontïn

## ئالتىنچى (تۈپلەم) ئون ئۈچىنچى (ياپراق) ئا

427. 1) ماخوراگىلارنىڭ ئوردىلىرى، ساراي-
2) لىرى ئورۇنلاشقان ئورۇن - جاي-
3) لارغا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەكشى
4) بېرىپ، كۆك ئاسمان يۈزىدە
5) تۈرلۈك، ياڭزىمۇ ياڭزا ئىسرىق
6) چەمبىرىكى پەيدا بولۇپ، ئۇ ئىسرىق چەمبە-
7) رىكىدىن يەنە ئالتۇن
8) رەڭلىك، نۇرلار چېچىلىپ، ئۇ
9) ئورۇن - جايلارنىڭ ھەممىسىنى يورۇتىدۇ،
10) نۇرلاندۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن،
11) بۇ ئىسرىق چەمبىرىكى ئون تەرەپتىكى

12) sïngar yirtinchülärtä ülgüsüz san-
13) siz käng ögüzdäki qum sanïncha
14) burxanlar ulushinta kingürü yadïlïp
15) ol qamagh burxanlar üzäsintä
16) tägzinü turup altun önglüg
17) yruqlar ünüp yorutu yaltrïtu tur-
18) ghaylar. ol qamagh burxanlar bu
19) blgülärig körüp ötrü bögü bilik-
20) lär üzä bilip tngridäm közläri
21) üzä ïraqtïn körü yrlïqap
22) inchip öngi öngi kntü

12) يەر ـ جاھاندا سانسىز، چەك ـ
13) سىز كەڭ دېڭىزدىكى قۇم ساندەك
14) بۇرخانلار قوۋمىگە كەڭرى تارىلىپ،
15) ئۇ بارلىق بۇرخانلار ئۈستىدە
16) تەكشى ھالدا ئالتۇن رەڭلىك
17) نۇر ئۈنۈپ، ئۇلارنى يورۇتقاي،
18) نۇرلاتقاي. ئۇ بارلىق بۇرخانلار بۇ
19) بەلگىلەرنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنى دانىشمەن
20) بىلگىلىرى بىلەن بىلىپ، تەڭرىگە خاس كۆزلىرى
21) بىلەن يىراقتىن بۇنى كۆرۈپ،
22) شۇنداق قىلىپ تۇرلۇك، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا

## VI. 13b

## ب

428. 1) kntü ongaru äwrilmish ïduq tillig
2) ärdiniläri üzä bir ünin bu nom
3) ärdinig nomlatachï nomchïgh ögä
4) alqayu ïncha tip yarlïqaghaylar
5) ädgü ädgü, ulugh äränlärning tüzüni-
6) ä, udungsa bu täringtä täring
7) ïduq nom ärdini yürügin acha
8) yada kingürü nomlaghalï ögdün-
9) sä, ülgülänchsiz tänglänchsiz buyan
10) ädgü qïlïnchlïgh ulugh bädük idiz
11) yükmäkig, sindirtin bu nom ärdinig
12) äshittächilär ymä yitinchsiz tutunch-
13) siz ulugh türlüg buyan ädgü qïlïnch-
14) larïgh bulurlar qazghanurlar.
15) taqï nä ayïtmïs krgäk. bitimäk-
16) tin bititmäktin, oqïmaqtïn
17) oqïtmaqtïn turmïsh buyan
18) ädgü qïlïnchlarïgh. nä üchün tip

19) tisär, ulugh äränlärning tüz-
20) üniyä, birük kim qayu tïnlïghlar
21) bu nom ärdinig äshitsälär, ötrü
22) üzäliksiz üstünki yig köni
23) tüz tuymaq burxan qutïnga aqïnch-

428. 1) ئۆزۈڭلار ئوڭغا ئايلىنىپ، مۇقەددەس تىللىق
2) ئەردىنىلەر بىلەن بىر خىل ئاۋازدا بۇ نوم ـ
3) ئەردىنىنى نوملىغۇچى نومچىغا مەدھىيە ـ
4) ئالقىش ئوقۇپ مۇنداق دەڭلار:
5) ئەزگۈ، ياخشى، ئۇلۇغ ئەرەنلەرنىڭ
6) ئېسىللىرى، كىمكى بۇ ناھايىتى چوڭقۇر،
7) مۇقەددەس نوم ـ ئەردىنىنىڭ مەنىسىنى تەپسىلي ـ
8) نوملاشقا مۇيەسسەر بولسا، ئۇ
9) چەكسىز، تەڭلەشتۇرگۇسىز ئەزگۇ ـ ساۋابلىق
10) ئىش ـ ئەمەللىك بۈيۈك، ئېگىز
11) يىغىندىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا بۇ نوم ـ
12) ئەردىنىنى ئاڭلىغۇچىلار يەنە يەتكۈسىز،
13) ئېرىشكۈسىز كۆپ تۇرلۇك ئەزگۇ ـ ساۋابلىق
14) ئىش ـ ئەمەللەرگە ئېرىشىدۇ ۋە ئۇنى قولغا كەلتۇرىدۇ.
15) يەنە شۇنداق دېيىش كېرەك: نومنى پۈتمەكتىن
16) پۈتۈتمەكتىن، ئوقۇماقتىن
17) ئوقۇتماقتىن بارلىققا كېلىدىغان ئەزگۇ ـ
18) ساۋابلىق ئىش ـ ئەمەللەرگىمۇ ئېرىشىدۇ. نېمە
ئۈچۈن
19) دېگەندە، ئۇلۇغ ئەرەنلەرنىڭ ئېسىلى، قايسى
20) جانلىقلار بۇ نوم ـ ئەردىنىنى ئاڭلىسا، ئاندىن
21) يۈكسەك ئۈستۈنكى، ياخشى، توغرا
22) تۈز تۇيماق بۇرخان قۇتىغا ھېچ

## VI. 14a (altïnch tört ygrmi)

429. 1) sïz äwrilinchsiz bulurlar. anïn ämti
2) sn tüzünlär oghlïya, kin
3) käligmä ödlärtä qatïghlanmaq-
4) lïgh küchüng üzä asankilar ichin-
5) däki alp qïlghuluq ishlärig tözü
6) tügäl qïlïp, iki türlüg yiwig-
7) lärin äksüksüz yiwätip, qamagh
8) tüzünlär käzikintin ärtip üch
9) oghush yirtinchütin ünhüp, alquta
10) bashtïnqï yig bolup, sögütlär
11) ilii mxabuti sögüt tübintä
12) wzïrlïgh wchirasan urpun üzä-
13) sintä bk baghdashinu olurup, §amnu
14) süüsin utup, burqan qutïn
15) bulup, üch tägzinch iki ygrmi
16) bölüklüg darmachakr nom
17) tilgänin äwirip, üzäliksiz
18) nomlugh köwrüküg yangqurtu toqïp
19) üzäliksiz ädgü tityük nomlugh
20) lapayïgh ädgüti örüp, üzäliksiz
21) yig bashtïnqï ayduq nomlugh tuugh-
22) ugh örü tikip, üzäliksiz yruq

## ئالتنچى (تۆپلەم) ئون تۆتنچى (ياپراق) ئا

429.1) تەۋرىمەي ـ ئاغماي ئېرىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمدى
2) سەن، ئېسىللار ئوغلى، كېيىن
3) كېلىدىغان زاماندا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان
4) كۈچۈڭ بىلەن قولايلىق ـ ۋاقىت ئىچىدە
5) تەستە قىلىپ بولىدىغان ئىشلارنى تولۇق ـ
6) تۆگەل قىلىپ، ئىككى تۈرلۈك قورال بىلەن
7) نۇقسانسىز هالدا قوراللىنىپ، بارلىق
8) ئېسىللار قاتارىدىن هالقىپ چىقىپ، ئۈچ
9) قوۋم يەر ـ جاهاندىن چىقىپ، هەممىدىن
10) ئالدىنقى ياخشىلىققا ئېرىشىپ، دەرەخلەر
11) پادىشاهى بولغان ماهابۇتى دەرىخى تۈۋىدە
12) زىبۇزىنىنەت، قورال ـ ياراغ بىلەن مۇستەهكەم
13) چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، جىن ـ ئالۋاستىلار
14) قوشۇنىنى يېڭىپ، بۇرخان قۇتىغا ئېرىـ
15) شىپ، ئۈچ تۆپلەم، ئون ئىككى
16) بۆلەك دارماچاكىر نوم تىلگەنىنى
17) ئايلىنىپ، ئۈستۈنكى نوملۇق
18) دۇمباقنى ياڭرىتىپ چېلىپ،
19) يۈكسەك ياخشى دېيىلگەن نوملۇق
20) كاناي ـ سۇناينى ياخشى چېلىپ، ناهايىتى
21) ياخشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان
22) تۇغ ـ ئەلەمنى تىك قاداپ، ناهايىتى يورۇق

## VI. 14b

430. 1) yashuq nomlugh yula tamturup, üz-
2) äliksiz nosh tatïghlïgh nomlugh yaghmur
3) yaghïtïp, ülgüsüz sansïz yüz ming
4) tümän kolti nayut sanïncha tïnlgh-
5) larnïng nizwanilïgh qadghularïn
6) tarqarïp, uchsuz qïdïghsïz ulugh ämgäk-
7) lig taluy ögüztin kächürüp ulsuz
8) tüptüz toghmaq ölmäklig
9) sansarlïgh tägzinchtin tashqaru
10) tartip, sansïz saqïshsïz burqanlar
11) birlä oghqatmatïn tüsh bulghuluq ädgü-
12) lärkä tükällig qïlghay sn tip

## ب

430.1) نۇرلۇق نوملۇق مەشئەلنى ياندۇرۇپ،
2) يۈكسەك نوش (تاتلىق) تەملىك نوملۇق يامغۇرنى
3) ياغدۇرۇپ، سان ـ ساناقسىز مىڭ
4) تۈمەن كولتى، نايۇت سانىچە كېلىدىغان جانلىقـ
5) لارنىڭ نىزۋانىلىق قايغۇلىرىنى
6) تارقىتىپ، ئۇلارنى ئۈچ ـ چېكى يوق زور جاپاـ
7) مۇشەققەتلىك دەريا ـ دېڭىزلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆلى،
8) تۇپى يوق تۇغماق ـ ئۆلمەكلىك
9) سانسار قايىنىمىدىن تاشقىرىغا
10) تارتىپ چىقىپ، سان ساناقسىز بۇرخانلار
11) بىلەن تۇيدۇرماستىن پايدىغا ئېرىشىدىغان ئېزگۇـ
12) ياخشىلىقلارغا تولۇق تۈگەل قىلغاي دەپ

13) yrlïqaghay tip yrlïqadï. ol ödün
14) tört mxarancha tngrilär yana
15) ök tngri tngrisi burqanqa
16) incha tip ötüntilär: atï
17) kötrülmish ayaghqa tägimlig
18) tngrim, bu altun önglüg yruq
19) yaltrïqlïgh qopta kötrülmish nom
20) ilii atlïgh nom ärdini kin käligm-
21) ä ödtä ap ymä ämti közünür
22) ödtä munchulayu asïgh tusu
23) qïltachï munchulayu ädgülärkä

## Ⅵ. 15a (altïnch bish ygrmi)

431. 1) tükäl tägürtächi titir. anï üchün
2) kim qayu iliklär qanlar birük
3) bu nom ärdinig äshitkäli bulsarlar
4) ötrü ülgüsüz öküsh burqanlarqa
5) tüshüp ädgü yïltïzlïgh urughugh
6) tarïmïsh bolghaylar, ol iliklär
7) qanlarïgh biz qamaghun köyü
8) közätü tutup ulugh türlüg
9) asïghqa ädgükä tägürgälir üchün

10) kntü kntü kuwraghïmïz birlä
11) közünmäz ät'özin ol anutmïsh
12) ïdmïsh arïgh turugh nomlugh orun-
13) ta nom äshitgäli barï tägin-
14) gäybiz. bïzïngchïlayu ök äzrua
15) tngri xormuzta tngri saraswati
16) tngri sirikini qut tngri-
17) si wasundari yir qatun-ï
18) sanchanachawi orunguti säkiz otuz
19) bagh tngrilär quwraghï ulugh
20) ärklig magiswari tngri wchira-
21) pani tonga manibadiri orungut
22) xarininïng anasï bish yüz quwragh-

13) يارلىقاساڭ بولىدۇ، دېدى. ئۇ چاغدا
14) تۆت ماھاراج تەڭرى يەنە
15) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخانغا
16) مۇنداق دەپ ئىلتىماس قىلدى: نامى
17) مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر
18) تەڭرىم، بۇ ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق -
19) يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم
20) پادىشاھى ئاتلىق نوم ئەردىنى مەيلى كېيىن
21) كېلىدىغان زاماندا بولسۇن، مەيلى ھازىرقى
22) زاماندا بولسۇن، مۇشۇنداق پايدا - مەنپەئەت
23) يەتكۈزىدۇ، ئەنە شۇنداق ئەزگۈ ياخشىلىقلارغا

## ئالتىنچى (تۈپلەم) ئون بەشىنچى (ياپراق) ئا

431 .1) تولۇق يەتكۈزىدۇ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
2) قايسى ئېلىك - خانلار بۇ
3) نوم ئەردىنىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولسا،
4) ئاندىن ئۇلار چەكسىز، نۇرغۇن بۇرخانلار (ئارىسىغا)
5) كىرىپ ياخشى يىلتىزلىق ئۇرۇقىنى
6) تارقىتالايدۇ، ئۇ ئىلىكلەرنى -
7) خانلارنى بىز ھەممىمىز ئاياپ
8) ئاسراپ، ئۇلۇغ، تۈرلۈك
9) پايدىغا، ئېزگۇ - ياخشىلىققا يەتكۈزىدىغانلىقىمىز
ئۈچۈن،
10) ئۆز توپ - جامائەتلىرىمىز بىلەن،
11) كۆرۈنمەس ئەتئۆزىمىز بىلەن،
12) پاكىز ھالەتلىك نوملۇق ئورۇن قىلىپ،
13) ھازىرلانغان ئورۇنغا بېرىشقا نېسىپ
14) بولغايمىز. بىزگە ئوخشاش ئەۋلىيا
15) تەڭرى، خورمۇزتا تەڭرى، ساراسۋاتى
16) تەڭرى، سىرىنىكى قۇت تەڭرىسى
17) ۋاسۇندارى يەر ئىلاھى،
18) سانچاناچاۋى ئورۇڭۇتىنىڭ يىگىرمە سەككىز
19) فامىلىلىك تەڭرىلەر جامائىتى، ئۇلۇغ
20) قۇدرەتلىك ماگىسۋارى تەڭرى، ۋىچىرا-
21) پانى باتۇر، مانىبادىرى، ئوروڭۇتىنىڭ
22) خارىنىنىڭ ئانىسىنىڭ بەش يۈز جامائىتى

## VI. 15b

ب

432. 1) larï birlä anawadabuti luu qanï
2) ulugh taluy ögüz ärkligi bashlap
3) ülgüsüz öküsh tngrilär yäklär
4) quwraghï ymä ök ät'özin ol
5) iliklär qanlar ortusïnta ol nom
6) nomlaghuluq orunta nom tïngqa
7) yïghïlqaylar. adï kötrülmishä
8) ötrü ol ödün biz qamaghun
9) tngrilär quwraghï ol yalanguqlar qan-
10) ïn ädgü öglï yolchï yirchi alïnïp
11) qop süzük köngülin ol iliklär, qan-
12) lar birlä nom äshitip nomlugh
13) nosh tatïghï üzä todqay qanghay biz.
14) bu nom säwinchtä ötkürü ol ilik
15) qanïgh ili ulushï bodunï qar-
16) asï birlä alqu ödtä
17) qoluta qop türlüg adasïnta tuta-
18) sïnta köyü küsätü täginkäy biz
19) tngrim. birük yana tängrim, qayu ilik-
20) lär qanlarnïng ilintä ulushïnta
21) bu nom ärdini bar ärip kirtkünmäsär
22) ädgärmäsär, äshitmäsär, tïnglamasar,
23) ayamasar, aghïrlamasar, yana bu nom

432. 1) بىلەن ئاناۋادابۇتى ئەجدىھاخانى
2) ئۇلۇغ دەريا ـ دېڭىز ھۆكۈمرانى قاتارلىق
3) سانسىز ـ نۇرغۇن تەڭرىلەر، ئالۋاستىلار
4) جامائىتى يەنە ئۇلارنىڭ ئەتئۆزىنى، ئۇ
5) ئىلىكلەر، خانلار ئارىسىدا، ئۇ نوم
6) نوملايدىغان ئورۇندا، سارايدا
7) يىغىلىمىز. نامى مەشھۇرۇم،
8) بۇ چاغدا بىز بارلىق تەڭرىلەر
9) جامائىتى ئۇ ئىنسانلار خانىنى
10) ياخشى نىيەتلىك يولچى ـ يېتەكچى قىلىپ،
11) كۆپ سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن ئۇ ئىلىكلەر،
12) خانلار بىلەن نوم ئاڭلاپ، نومنىڭ
13) تەم ـ شەربىتىگە تويىمىز، قانىمىز.
14) بۇ نوم سۆيۈنۈشىدە، ئۇ ئىلىك ـ
15) خانلارنى، ئۇلارنىڭ ئېلى ـ يۇرتى، خەلقى ـ پۇقراسى
16) بىلەن بىللە بارلىق ۋاقىتتا،
17) مەزگىلدە، تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرگە
18) ئۇچرىغاندا، ئۇلارنى ئاسراپ ـ ئاۋايلاپ
19) كۈتىمىز، تەڭرىم. لېكىن تەڭرىم، قايسى
20) ئىلىكلەرنىڭ، خانلارنىڭ يۇرت ـ دۆلىتى
21) بۇ نوم ئەردىنى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا سادىق بولمىسا،
22) ئۇنى ياخشى كۆرمىسە، ئاڭلىمىسا، تىڭشىمىسا
23) ئەتىۋارلىمىسا، ھۆرمەتلىمىسە، ئۇنى بۇ نوم

## VI. 16a (altïnch alti ygrmi)

## ئالتىنچى (تۇپلەم) ئون ئالتىنچى (ياپراق) ئا

433. 1) ärdinig tuttachï tört türlüg
2) tirin quwraghïgh ymä achïnmasar,
3) ayamasar, ötrü biz qamaghun tngridäm
4) quwraghïmïz birlä bu nom ärdinig äshitkäli
5) bulmatïn nomlugh nosh tatïghï üzä
6) äksük kärgäk bolup, nom mängisintin
7) oghatïp choghsuz yalïnsïz küch-
8) süz küsünsüz bolghaybiz. üch yawlaq
9) yoltaqï tïnlïghlar quwraghï ashïlghay
10) östälgäy, tngri yiri kishi azun-

433. 1) ئەردىنىنى ساقلىغان تۆت تۈرلۈك
2) توپ ـ جامائەتنى يەنە ھۆرمەتلىمىسە، ئۇلارغا كۆڭۈل
3) بۆلمىسە، ئۇ چاغدا بىز ھەممىمىز تەڭرىگە خاس
4) توپ ـ جامائىتىمىز بىلەن بىرلىكتە، بۇ نوم
ئەردىنىنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم
5) بولۇپ، نومنىڭ تەم ـ شەربىتىدىن يۈز
6) ئۆرۈپ، نوم شادلىقىدىن
7) چەتنەپ، سۈر ـ ھەيۋىسىز، كۈچ ـ
8) قۇۋۋەتسىز بولغايمىز. ئۈچ يامان
9) يولدىكى جانلىقلار جامائىتى ئاشقاي،
10) كۆپەيگەي تەڭرى يېرى، ئىنسانىيەت دۇنياسى

11) ï äşilgäy quwraghay, sansarlïgh taluy
12) ögüz ichintä tägzingäylär, nirwanilïgh intin
13) qïdïghtaqï yoltïn ïraghaylar.
14) atï kötrülmish ayaghqa tägimlig
15) tngrim, qachan biz bu törülärig körsär
16) biz, ötrü ilig ulushugh ol
17) ilik qanïgh ol bodunugh qaragh tïdïp
18) ïdalap köyü küsätü tutqulugh köngül-
19) tin kätkäybiz. yana tngrim,
20) yalanguz biz ök ol il ulushugh ol
21) ilik qanïgh ol bodunugh qaragh tïdar
22) ïdalayur ärmäz biz, biznitä

(11 ئازايغاي، قۇرۇغاي، سانسارلىق دەريا ـ
(12 دېڭىز ئىچىدە غەرق بولغاي، نىرۋانلىق
(13 مەنبەسىگە، ئۇنىڭ قىرغىقىدىكى يولىغا چىققاي.
(14 نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم،
(15 ئەگەر بىز بۇ قانۇن ـ ھەرىكەتلەرنى كۆرسەك،
(16 ئۇ چاغدا ئۇ ئەل ـ دۆلەتنى، ئۇ
(17 ئىلىك ـ خانلارنى، ئۇ خەلقنى، پۇقرالارنى تاشلاپ،
(18 ئۇلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى ئاياپ ـ ئەتىۋارلاپ
(19 ھىمايە قىلىدىغان كۆڭۈلدىن
(20 ئايرىلغايمىز، يەنە تەڭرىم،
(21 يالغۇزلا بىز ئۇ ئەل ـ دۆلەتلەرنى، ئۇ
(22 ئىلىك ۋە خانلارنى، ئۇ خەلقنى، پۇقرالارنى، تاشلىمايمىز،
(23 ئۇلاردىن ۋاز كەچمەيمىز. بىزدىن

## VI. 16b

## ب

434. 1) adïn balïq ulush ordu qarsï
2) kügchi küzätchi nächä tözün
3) yawash tngrilär ärsärlär, olar
4) barcha bïzïngchïlayu ök tïdïp
5) ïdalap qödqay kämishkäylär. ötrü
6) ol il ulushta öngi öngi adruq
7) adruq ada tuda bolghay,
8) ilii kanï il ornïn ïchghïn-
9) qay, bodunï qarasï yawghan yawïz
10) köngüllüg bolghay, yintäm bäklämäk
11) boghaghulamaq ölürmäk ämgätmäk
12) tütüshmäk qarïshmaq yongarshmaq
13) ayïghlashmaq yashuqsuzugh yalarmaq-
14) ta ulatï ayïgh törülär bolghay.
15) ötrü ol ödün ancha tüshtä
16) ach qïs ig kägän yaghï yawlaq
17) bolghay. basa basa qoduruqlugh
18) yultuz toghqay, iki kün tngri
19) közünkäy, ödsüz käzigsiz kün
20) ay tutunghay, qara yörüng yïlu
21) kögän bälgürgäy, yawiz irü blgülär
22) bolghay. uchar yultuzlar tüshkäy,
23) yir täbrägäy. qudugh ichintä ün

(1 .434 باشقا شەھەر ـ دۆلەت ئوردا ـ سارايلاردا
(2 مۇھاپىزەتچى ـ كۆزەتچى بولۇپ، قانچە
(3 ياۋاش تەڭرىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
(4 بىزدەك تاشلاپ ـ ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى
(5 تاشلايدۇ ـ ۋاز كېچىدۇ. ئاندىن
(6 ئۇ ئەل ـ دۆلەتتە تۈرلۈك، خىلمۇ خىل
(7 بالايىئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ. ئىلىك ـ
(8 خانلىرى ئەل ۋە ئورنىدىن ئايرىلىدۇ.
(9 خەلقى، پۇقراسى يامان ـ ياۋۇز
(10 كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئۆزئارا باغلاشماق،
(11 بوغۇشماق، ئۆلتۈرۈشمەك، جاپا سالماق،
(12 ئۇرۇشماق، قارشىلاشماق، تۆھمەت قىلىشماق،
(13 يامانلاشماق، يوشۇرۇن گۇمانلانماق
(14 قاتارلىق يامان ئىش ـ ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ.
(15 ئاندىن كېيىن، شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
(16 ئاچارچىلىق، تىسچلىق، ئاغرىق ـ سىلاق ئاپەتلىرى
(17 تارقىلىدۇ، پەيدىنپەي قۇيرۇقلۇق
(18 يۇلتۇز چىقىدۇ، ئىككى كۈن تەڭرى
(19 تەڭ كۆرۈنىدۇ، ۋاقىت ـ سائەتسىز ھالدا كۈن
(20 ۋە ئاي تۇتۇلىدۇ، قارا، ئاق
(21 ھەسەن ـ ھۈسەن چىقىدۇ، يامان بەلگە ـ
(22 ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇچار يۇلتۇزلار چۈشىدۇ،
(23 يەر تەۋرەيدۇ، قۇدۇق ئىچىدىن ئۈن

## VI. 17a (altïnch yiti ygrmi)

435. 1) ünkäy, suw tashqay, ödsüz yiil yaghmur
2) bolghay. nä tarïgh tüsh yimish bütmägäy,
3) yad yaghï küchätkäy, bodun qara
4) ämgäklig bolghay. öz yir suwta
5) ögirmäksiz säwinmäksiz bolghay. atï
6) kötürülmish ayaghqa tägimlig tngrim,
7) inchip biz qamagh tngrilär
8) tüzün yawash qut waxshiglär qayu
9) yir oruntïn tashmïsh ödtä oq bu
10) muntagh ada tudalar yawïz artaq
11) törülär öküsh bolghay.
12) anï üchün ädgün barmïsh tngrim,

13) birük qayu iliklär, qanlar ilin
14) ulushïn közätkäli kntülär inch
15) mängilig bolghalï, bodunïn qarasïn inch
16) äsän qïlghalï, yad yaghïgh utqa-
17) li küsäsär, ötrü ol iliklär qan
18) lar bu nom ärdinig süzüg köngülin
19) äshitzünlär tïnglazunlar, ayasun-
20) lar aghïrlazunlar, oqïzunlar
21) oqïtzunlar, bitizünlär, bititz-
22) ünlär. ötrü biz qamagh tngri-

## ئالتىنچى (تۆپلەم) ئون يەتتىنچى (ياپراق) ئا

435 .1) سۇ تاشىدۇ، ۋاقىت - قەرەلسىز شامال چىقىدۇ،
2) يامغۇر ياغىدۇ. ئاشلىق - زىرائەت، مىۋە - چىۋە
3) بولمايدۇ، يات دۈشمەنلەر كۈچىيىدۇ، خەلق ۋە پۇقرا
4) جەبرە - زۇلۇم چېكىدۇ، ئۆز يەر - زېمىنىدا
5) شاد - خۇراملىق بولمايدۇ. نامى مەشھۇر
6) ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم،
7) شۇنداق قىلىپ، بىز بارلىق تەڭرىلەر، تۈز -
8) ئالىيجاناب، ياۋاش قۇت - ئىلاھلار ئۇ
9) يەر - ئورۇنلاردىن قايتىپ چىققىنىمىزدا، يۇقىرىد-
10) قىدەك بالايىئاپەتلەر، ياۋۇز - يامان
11) ئىش - ئىللەتلەر ئۇ يەردە كۆپىيىدۇ.
12) شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشىسى (ئۇ يەرگە) بېرىش
كېرەك، تەڭرىم.
13) بىراق قايسىبىر ئىلىكلەر - خانلار ئېلىنى -
14) دۆلىتىنى مۇھاپىزەت قىلىمەن، ئۆزلىرىنى تىنچ -
15) خاتىرجەملىكى ئىگە قىلىمەن، خەلقنى، پۇقراسىنى
16) تىنچ - ئاسايىش قىلىمەن، يات ياۋلار ئۈستىدىن
17) غەلىبە قىلىمەن دېسە، ئۇ چاغدا بۇ ئىلىكلەر - خانلار
18) بۇ نوم ئەردىنىنى سۈزۈك كۆڭۈل بىلەن
19) ئاڭلىشى، تىڭلىشى كېرەك، ئۇنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا
20) ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنى ئوقۇشى،
21) ئوقۇتۇشى، كۆچۈرۈشى، كۆچۈرتكۈزۈشى كېرەك.
22) ئاندىن بىز بارلىق تەڭرىلەر

## VI. 17b

436. 1) lär quwraghï kntü kntü tirinimiz
2) kuwraghïmïz birlä nomlugh ashqa
3) toq bolup, choghumuz yalïnïmïz
4) ashïlghay östälgäy. atï kötrül-
5) mish ayaghqa tägimlig tngrim, qltï
6) mxabraxmi ulugh äzrua tngri
7) yirtinchükä ashïghlïghïn ürük
8) ozatï yirtinchülüg shastirlärïgh
9) aydï sözlädi, anchulayu oq
10) xormuzta tngri ulatï bish türlüg
11) bögülüg ädrämkä tükällig ulugh

## ب

436 .1) جامائىتى ئۆزلىرىمىز خاس توپ -
2) جامائەتلىرىمىز بىلەن بىللە نوملۇق ئاشقا
3) تويۇپ، سۈر - ھەيۋىمىز
4) ئاشىدۇ - ئۆسىدۇ. نامى مەشھۇر
5) ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم، ئەگەر
6) ماھابراھمى ئەۋلىيا تەڭرى
7) يەر - جاھانغا پايدىلىق ھالدا، يەر - جاھانغا خاس
8) شاستىرلارنى ئۈزاققىچە
9) سۆزلىسە، تەشۋىق قىلسا، ئۇ چاغدا
10) خورمۇزتا تەڭرى قاتارلىق بەش تۈرلۈك
11) ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاققا تۈگەل، ئۇلۇغ،

12) küchlüg arzilar ymä adruq adruq
13) shastirlarïgh öngi öngi bitik-
14) lärig körkittilär, ayïttïlar.
15) inchip äzrua tngrining bish türlüg
16) bögülüg ädrämkä tükällig arz-
17) ïlarning körkitmish shastirlar
18) täg bitiklär bu yirtinchütä sansïz
19) saqishsïz bolsarlar, näng tngrim
20) siz yarlïqaghuchï bu nom ärdinilär
21) yüz ming tümän kolti nayut
22) san üzä arïtï oqshayu tägin-

## VI. 18a (altïnch säkiz ygrmi)

437. 1) mäz [nä üchün oqshayu täginmäz] tip tisär. kim bu nom ärdini
2) küchintä chambudiwip ulushtaqï
3) iliklär, qanlar köni nomchä törü-
4) chä äwrilip ap öz ät'özlärin,
5) ap kntü tirinin kuwraghïn, ap
6) imärigmä qamagh bodunïn qarasïn
7) adasïz tudasïz ämgäksiz tolghaq-
8) sïz irsisiz qarshïsïz qïlghalï,
9) ap yad yaghï basïnchïn tarqarïp
10) ulatï közünür ät'özlüg közünmäz
11) intin azunlugh ulugh yig bashtïnqï

12) asïghqa tusugä tägirlär üchün,
13) anïn ol shastirlar bu nom ärdini-
14) kä arïtï oqshayu täginmäzlär.
15) anï üchün atï kötrülmish ayagh-
16) qa tägimlig tngrim, yalanguq-
17) lar qanï ilik bäglär kntü öz
18) illärintä ulushlarïnta bu nom-
19) lugh yruq yulaq tamturzunlar, nom
20) tözlüg yruqïn kingürü yrutzun-
21) lar. ötrü biz bashïn qamagh tngri-
22) lär chambudiwip ulushtaqï tözün

12) كۈچلۈك ئىلاھلارمۇ تۈرلۈك، خىلمۇخىل
13) شاستىرلارنى، تۈرلۈك پۈتۈكلەرنى
14) كۆرسىتىدۇ، سۆزلەيدۇ.
15) شۇنداق قىلىپ ئەۋلىيا تەڭرىنىڭ بەش
16) تۈرلۈك ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاقتا تۈگەل
17) ئىلاھلار كۆرسەتكەن شاستىرلاردەك
18) پۈتۈكلەر بۇ يەر - جاھاندا سان
19) ساناقسىز بولسىمۇ، تەڭرىم، ئۇلارنى سىز
20) يارلىقاغان بۇ نوم ئەردىنىلەرگە
21) يۈز مىڭ، تۈمەن كولتى - نايۇت
22) سان بىلەن سېلىشتۇرغىلى، تەڭلەشتۈرگىلى

## ئالتىنچى (تۈپلەم) ئون سەككىزىنچى (ياپراق) ئا

1.437) بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئوخشاتقىلى بولمايدۇ دېگەندە، كىمىكى بۇ نوم ئەردىنى
2) كۈچىدە چامبۇدىۋىپ ئېلىدىكى
3) ئىلىكلەر، خانلار توغرا نوم، قانۇن
4) بويىچە ئىش قىلىپ، مەيلى ئۆز ئەتئۆزلىرىنى
5) مەيلى ئۆز توپ - جامائىتىنى، مەيلى
6) ئەتراپىغا ئويۇشقان بارلىق خەلقنى، پۇقراسىنى
7) بالايىئاپەتسىز، جەبرى - زۇلۇمسىز، قىيىنچىلىقسىز،
8) ئاداۋەتسىز، زىددىيەتسىز قىلىشتا
9) ياكى يات دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىنى قايتۇرۇشتا
10) شۇنداقلا كۆرۈنىدىغان ئەتئۆزلۈك، كۆرۈنمەس
11) بەلگىلىك بۇ دۇنيادىكىلەرنى ئۇلۇغ، ياخشى، يۈكسەك
12) پايدا - مەنپەئەتكە يەتكۈزۈشتە،
13) بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شاستىرلارنى بۇ نوم ئەردىنىگە
14) زادى سېلىشتۇرغىلى، تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ
15) شۇنىڭ ئۈچۈن، نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە
16) سازاۋەر تەڭرىم، ئىنسانلار
17) خانى - ئىلىكى، بېگى شەخسەن ئۆز
18) ئەللىرىدە، دۆلەتلىرىدە بۇ نوملۇق
19) يورۇق مەشئەلنى ياندۇرسۇن، نوم
20) ماھىيەتلىك يورۇقنى كەڭرى يورۇتسۇن.
21) ئاندىن كېيىن، بىز قاتارلىق بارلىق تەڭرىلەر،
22) چامبۇدىۋىپ ئېلىدىكى بارلىق

438. 1) yawash qutlar waxshiklar bu nom
2) awant tïltagh üzä üzälik-
3) siz nomlugh nosh tatïghïgh tatqalï
4) bölüg chogh yalïn küch küsün yruq
5) yashuq üzä äksüksiz bulu täginkäy
6) biz. yalanguqlar oghlanï ymä
7) inchkä, tïnchqa tägkäylär.
8) kinki kinki azunlarta ymä saqïnu
9) sözläyü yitinchsïz ädgü mängig asha-
10) ghaylar. burqanlarïgh tüshüp ädgü
11) yïltïzlïgh uruqlarïgh ashïp öklitip,
12) ang tüpintä yana alp bulghuluq
13) üzäliksiz üstünki yig köni tüz
14) tuymaq burqan qutïn bulup, bish
15) azun tïnlghlarnïng umughï ïnaghï
16) bolghaylar. bu muntagh yanglïgh
17) ulsuz tüptüz yig bashtïnqï tüsh-
18) kä, utlïqa tägmäk barcha oghrayu
19) tängrim sizing tngrili yalanguqlï
20) tirin quwraghnïng qamagh ädgülärintä
21) alquta utmïsh yigätmish äzrua
22) tngrining täring bilgä bilikintin
23) ärtmish xormuzta tngrining

438.1) ياۋاش قۇت - ئىلاھلار بۇ نومنىڭ
2) سەۋەب - ۋەجىدىن يۈكسەك
3) نومنىڭ تاتلىق شەربىتىنى ئىچىشقا، ئۈنىڭ
4) ئالاھىدە سۈر - ھەيۋىسى، كۈچ - قۇدرىتى،
5) يورۇقى - نۇرىغا مۇيەسسەر بو -
6) لىمىز. ئىنسانلار ئوغلى يەنە
7) تىنچ - ئاسايىشلىقتا ئىرىشىدۇ.
8) كېيىنكى دۇنيادا يەنە بۇنى ئويلاپ،
9) سۆزلەپ يەتكۈسىز ئەزگۈ شادلىقتا
10) ئىرىشىدۇ. بۇرخانلار بىلەن ئۇچرىشىپ
11) ياخشى يىلتىزلارنى، ئۇرۇقلارنى ئاشۇرۇپ - كۆپەيتىپ
12) ئەڭ ئاخىردا يەنە ئىرىشىش قىيىن بولغان
13) يۈكسەك ئۈستۈنكى ياخشى، توغرا تۈز
14) تۈيماق بۇرخان قۇتىغا ئىرىشىپ، بەش
15) دۇنيا جانلىقلىرىنىڭ ئۈمىد - ئىشەنچىسى
16) بولىدۇ. مۇنداق يوسۇندا
17) ئۇل - تۈۋسىز، ناھايىتى ئالدىنقى
18) بەخت - تەلەيگە ئىرىشمەكنىڭ ھەممىسى
19) تەڭرىم، سىزنىڭ تەڭرى ۋە ئىنساندىن (ئىبارەت)
20) توپ - جامائىتىڭىزنىڭ بارلىق ئەزگۈ - ياخشىلىقى بىلەن
21) ھەممىنى يەڭگەن، ئۈتقان ئەۋلىيا
22) تەڭرىنىڭ چوڭقۇر ئەقىل - بىلىملىرى بىلەن،
23) خورمۇزتا تەڭرىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى،

## VI. 19a (altïnch toquz ygrmi)

439. 1) quturu qatïghlanmaqlïgh yiti qïnïghïnta,
2) ozmish sansïz saqïshsïz sansar tolu
3) bish türlüg bögülüg ädrämkä tügällig
4) ulugh ulugh arzilarning küü kälig
5) ädrämlärintä, ïraq yigätmish saqïnghu-
6) luqsuz sözlägülüksüz üch türlüg
7) adrughqa tügällig ïduq ulugh
8) yarlïqanchuchï köngülüngüz üzä
9) artuq bolu yrlïqap bu ïduq qutlugh
10) altun önglüg yruq yaltrïqlïgh

## ئالتىنچى (تۈپلەم) ئون توققۇزىنچى (ياپراق) ئا

439.1) ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدەك تولۇق جاسارىتى بىلەن،
2) سانسارغا تولغان سان ساناقسىز، (جانلىقلارنى)
3) قۇتقۇزغان بەش تۈرلۈك ئەقىل - پاراسەتكە ئەخلاقتا
4) تۈگەل ئىلاھلارنىڭ شان - شۆھرەت كەلتۈرگەن
5) ئەخلاق - پەزىلەتلىرى بىلەن، دائىم غالىب كېلىدىغان،
6) ئويلاپ يەتكۈسىز، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز ئۈچ تۈرلۈك
7) ئالاھىدىلىككە تۈگەل، مۇقەددەس ئۇلۇغ
8) مېھرىبانلىق قىلغۇچى كۆڭلىڭىز بىلەن
9) ناھايىتى زىيادە يارلىقاپ، بۇ مۇقەددەس، قۇتلۇق
10) ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق - يالتىراقلىق

11) qopta kötrülmüsh nom iliki atlgh
12) nom ärdinig acha yada nomlayu
13) birip chambudiwip yirtinchüdäki
14) iliklärkä, qanlarqa ulatï kishi
15) yalanguq quwraghïnga, ilkä ulushqa
16) asïghlïgh nomugh törüg biltürü
17) uqturu yrlïqamaqïngïznïng oq ädgü-
18) si titir. anïn atï kötrülmish
19) ayaghqa tägimlig tngrim, bizing
20) antagh ulugh küsüşümüz täginür,
21) yalanguqlar qanï iliklär bäglär
22) barcha bu nom ärdinig boshghunsun-
23) lar

11) ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق
12) نوم ئەردىنىنى تەپسىلي نوملاپ
13) بېرىپ، چامبۇدىۋىپ ئېلىدىكى
14) ئىلىكلەرگە، خانلارغا، شۇنداقلا ئادەم –
15) ئىنسان جامائىتىگە، ئەلگە، دۆلەتكە
16) پايدىلىق نومنى، قانۇننى بىلدۈرگەنلىكىڭىزنىڭ،
17) ئۇقتۇرغانلىقىڭىزنىڭ ياخشىلىقىدۇر
18) دېيىلىدۇ. شۇڭا نامى مەشھۇر
19) ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم، بىز سىزدىن
20) شۇنداق ئۇلۇغ ئارزۇلارنى كۈتىمىزكى،
21) ئىنسانلار خانى، ئىلىكلەر، بەگلەرمۇ
22) بۇ نوم ئەردىنىنى ئۆگەن–
23) سۇن،

## VI. 19b

## ب

440. 1) tutzunlar, ayasunlar, aghïr-
2) lazunlar, ongarzunlar, tapïnz-
3) unlar, udunzunlar, ögsünlär
4) alqazunlar ärti tip. nä üchün
5) tip tisär, inchip bu nom ärdinining
6) täring yürüki ulugh asïghï saqïnghu-
7) luqsuz sözlägülüksüz titir. anïn
8) bu nom ärdini qopta kötrülmish
9) nom iliki titir tip ötüntilär.
10) ol ödün tngri tngrisi burqan
11) tört maxarancha tngrilärkä
12) yana incha tip yrlïqadï: sizlär
13) qamagh tört maxaranchlar ulatï
14) adïn ymä tngrilär quwraghï, birük
15) ol yalanguqlar qanï bu nom ärdinig
16) süzüg köngülin äshitmishin ayamïsh-
17) in körsär sizlär, ol ilik
18) qanïgh köyü közätü tutup adasïn
19) tudasïn tarqarïp inch mängilig
20) qïlïnglar. birük toyïn shamananch
21) upasï upasanch tört türlüg
22) tirin quwragh bu nom ärdinig boshghunsar-
23) lar tutsarlar, kingürü yadïp

440 .1) ئۇنى (ئېسىدە) تۇتسۇن، ئەتىۋارلىسۇن، ئۇنىڭغا
2) ھۆرمەت قىلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن تەربىيىلەنسۇن، ئۇنىڭغا
3) ئېھتىرام بىلدۈرسۇن، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالسۇن، ئۇنى مەدھە–
4) يىلىسۇن، ئالقىشلىسۇن دېگەن. نېمە ئۈچۈن
5) دېگەندە، شۇنداق قىلىپ بۇ نوم ئەردىنىنىڭ
6) ناھايىتى چوڭقۇر مەنىسى، ئۇلۇغ پايدىسى ئويلاپ
7) يەتكۈسىز، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىزدۇر دېيىلىدۇ. شۇڭا
8) بۇ نوم ئەردىنىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان
9) نوم پادىشاھى دېيىلىدۇ، دەپ ئۆتۈندى.
10) بۇ چاغدا تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان
11) تۆت ماھاراج تەڭرىگە
12) يەنە مۇنداق دەپ يارلىقادى: سىزلەر،
13) تۆت ماھاراج ۋە باشقا
14) تەڭرىلەر توپ – جامائىتى، مۇبادا
15) ئۇ ئىنسانلار خانىنىڭ بۇ نوم ئەردىنىنى
16) سۈزۈك كۆڭلى بىلەن ئاڭلىغانلىقىنى، ئەتىۋار –
17) لىغانلىقىنى كۆرسەڭلەر، ئۇ ئىلىك خانىنى
18) ئەتىۋارلاپ، ئاياپ، ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭغا
19) كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى تارقىتىپ، ئۇنى تىنچ –
20) خاتىرجەم قىلىڭلار. مۇبادا راھىبلار، شامانانچلار،
21) ئۇپاسىلار، ئۇپاسانچىلاردىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك
22) توپ – جامائەت بۇ نوم ئەردىنىنى ئۆگەنسە،
23) ئېسىدە تۇتسا، ئۇنى كەڭرى تارقىتىپ

## Ⅵ. 22a (altïnch iki otuz)

441. 1) ötinchä ashïn suwsuzun süzük
2) köngülin tapïgh udugh qïlzun, tütsüg
3) tütüni uzatï üzülmäzün. ol
4) drni tuttachï kishi kntü ökin köngül-
5) in öngi sachmadïn bu ösän drnïgh
6) üzä äshitip adïnlar ashitmägüchä
7) ünin aquruqïa sözläzün.
8) ötrü ol ödün oghulum chanarsabï
9) bir yigit körklä urï ät'özin
10) blgürtüp bu drni sözlädächi kishi-
11) gä kälip ay tüzün tïnlgh, sn
12) nä üchün qangïm wayshirawani
13) mxaranchïgh oqïyur ötünürsän
14) tip ayïtqay. muntagh ayïttuqta
15) ol kishi män ärsär, üch ärdinikä
16) tapïnghuluq aghïr ayagh qïlghuluq
17) äd tawar tiläyürmän, bu küsüsh-
18) ümin waysirawani mxarancha qantur-
19) sun tip tisün. oghlum chanarsabi
20) bu sawïgh äshitsär, ötrü trkin tawratï
21) äwrilip manga kälip, tngri qangïm,
22) chambudiwip yirtinchütä antagh balïq-
23) taqï antagh antagh atlgh bir toyït

## ئالتنچى (تۆپلەم ) يىگىرمە ئىككىنچى (ياپراق ) ئا

441 .1) ئۆتۈنچە ئاچسىز ، سۇسىز سۈزۈك
2) كۆڭلى بىلەن ھۆرمەت قىلسۇن، ياقسۇن، ئىسرىق
3) تۈتۈنى ئۈزاققىچە ئۈزۈلمىسۇن. ئۇ
4) دارنى تۇتقۇچى كىشى شەخسەن ئۆزىنىڭ ئەس ـ ھوشىنى،
5) كۆڭلىنى باشقا ياققا چاچماي، پەقەت بۇ دارنىلا
6) ئاڭلاپ، باشقىلار ئاڭلىمىغۇدەك
7) ئۈن بىلەن ئاستا سۆزلىسۇن.
8) ئاندىن كېيىن، ئۇ چاغدا بالام چانارسابى
9) بىر يىگىت قىياپىتىدە ئوغۇل ئەتئۆزىنى
10) كۆرسىتىپ، بۇ دارنى سۆزلىگۈچى كىشىنىڭ
11) يېنىغا كېلىپ، ھەي، ئېسىل جانلىق، سەن
12) نېمە ئۈچۈن ئاتام ۋايشىرۋانى
13) ماھاراجنى چاقىرىسەن دەپ
14) سورايدۇ. مۇنداق سورىغاندا،
15) ئۇ كىشى مەن بولسام، ئۈچ ئەردىنىگە
16) خىزمەت قىلىش، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن
17) مال ـ دۇنيا تىلەپ كەلدىم، بۇ تىلىكىمنى
18) ۋايشىراۋانى ماھاراج قاندۇرسۇن
19) دەپ دېسۇن. بالام جانارسابى
20) بۇ سۆزنى ئاڭلىسا، ناھايىتى تېزلىك بىلەن
21) مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، تەڭرى ئاتام
22) چامبۇ دىۋىپ ئېلىدىكى پالانى شەھەردىكى
23) پالانى ئاتلىق بىر راھىب

## Ⅵ. 22b

442. 1) kishi üch ärdinigä tapïgh udugh
2) aghïr ayagh qïlghuluq süzük kirtkü-
3) nch köngül ötünmish, inchip yana
4) anïng yunglaghuluq ädi tawarï
5) yoq täginmäz üchün, anïn tngri
6) qangïm sizni oqïyur ötünür ärmish
7) tip ötünkäy. qachan mn oghlum
8) chanarsabidin bu sawïgh äshitü
9) täginsärmän, ötrü anga oghlum, sän
10) tärkin tawratï barïp ol kishigä
11) kün küntä ming yüzär karsapan

## ب

442 .1) ئادەم ئۈچ ئەردىنىگە خىزمەت قىلىش
2) ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قىلىش ئۈچۈن، سۈزۈك،
3) سادىق كۆڭۈل بىلەن ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە
4) ئىشلىتىدىغان مال ـ دۇنياسى
5) يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇڭا تەڭرى
6) ئاتام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، سىزدىن ئۆتۈنۈۋاتىدۇ،
7) دەپ دېگەي. مەن بالام
8) چاناسابىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان
9) ھامان، ئاڭلا بالام، سەن ناھايىتى
10) تېزلىك بىلەن بېرىپ، ئۇ كىشىگە
11) ھەر كۈنى مىڭ يۈزچە كارساپان

12) altun birgil tip tutusqay män.
13) bir karsapan altun ming altï
14) yüz yartmaq bolur. qachan drni
15) tuttachï kishi bu altun birmish
16) bälgüg körsär, ishim bütti tip
17) bilmish kärgäk. antada kin
18) ol kishi yalanguzïn aghlagh orunta
19) arïgh äwtä tütsük urup ät'öz-
20) in arïgh küsätip tünämish krgäk.
21) tünägü orun bashïnta bir arïgh
22) äwtä yïdlïgh yïparlïgh qaw
23) urzun, yarun yruduqta ol

## VI. 23a (altïnch üch otuz)

443. 1) qaw ichintä tolu äd tawar körgäy.
2) ol ädig tawarïgh ol kün üzä
3) ök yunglap üch ärdinikä aghïr ayagh
4) tapïgh udugh qïlzun. yoqqa chïghay-
5) qa bushï birzün. ärtürüp
6) yïghquluq kizlägülük ärmäz. yana
7) alqu tïnlgh oghlanï üzä ädgü
8) yarlïqanchuchï köngül turghurzun.
9) öwkälägü qaghïghu ärmäz. tawsuz
10) kürsüz äsüksüz armaqsïz bolzun

11) tawlüg kürlüg äsük armaq bolghu
12) ärmäz. anchada birük bu sawlarïgh
13) adïnsïgh qïlïp, öwkä köngül turghur-
14) sar, ötrü anchada oq bu bütmish
15) işin ïchghïnur, ikiläyü taqï äd
16) tawar bulmaz. anïn bu sawlarta
17) saqlamïsh, yïchanmïsh krgäk. yana
18) ürük ozatï mini oghlum, qïzïm
19) birlä ögä alqayu bu ädgü qïlïnch-
20) ïgh qïlïp on karmabt kösätip
21) bizingä buyan äwirmish krgäk.
22) qachan biz ötrü qamaghun ol drni

12) ئالتۇن بەرگىن، دەپ تاپىلايمەن.
13) بىر كارساپان[202] ئالتۇن مىڭ ئالتە
14) يۈز ياماق بولىدۇ. دارنى تۇتقۇچى
15) كىشى بۇ ئالتۇن بەرگەن
16) بەلگە ـ ئالامەتنى كۆرگىنىدە، ئىشىم پۈتتى دەپ
17) بىلىشى كېرەك. ئاندىن كېيىن
18) ئۇ كىشى يالغۇز ـ تەنها ئورۇندا،
19) پاكىز ئۆيدە ئىسرىق سېلىپ، ئەتئۆزىنى
20) پاكىز يۇيۇپ تۈتۈشى كېرەك.
21) تۈنىگەندە ئورۇننىڭ بېشىغا بىر پاكىز
22) ھىدلىق ـ پۇراقلىق بىر ساندۇقنى
23) قويسۇن. تاڭ يورۇغاندا،

## ئالتىنچى (تۈپلەم) يىگىرمە ئۈچىنچى (ياپراق) ئا

443 .1) ھېلىقى ساندۇق ئىچىگە تولغان مال ـ دۇنيانى كۆرىدۇ.
2) ئۇ مالنى، دۇنيانى شۇ كۈنىلا
3) ئىشلىتىپ، ئۈچ ئەردىنىگە خىزمەت قىلسۇن، ئۇنىڭغا
4) ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرسۇن. يوقسۇللارغا،
5) نامراتلارغا سەدىقە بەرسۇن. ئۇنى ساقلىماي
6) قالدۇرماي ئىشلىتىش كېرەك. يەنە
7) بارلىق تىنلىق ئوغلانلىرى ئۈچۈن ياخشى
8) مېھرىبانلىق قىلغۇچى كۆڭۈل تۇرغۇزسۇن.
9) غەزەپلىنىشكە، تىللاشقا بولمايدۇ. ھىيلە ـ مىكىرسىز،
10) ئالدامچىلىق قىلمايدىغان، كەمچىلىكسىز، تۈز
كۆڭۈل بولسۇن.
11) ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق، بەتنىيەتلىك قىلىشقا
12) بولمايدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەرنى
13) ئۆزگەرتىپ، غەزەپ كۆڭلى
14) تۇرغۇزۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ پۈتكەن
15) ئىشتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىككىنچىلەپ يەنە
16) مال ـ دۇنياغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى
17) ئېسىدە ساقلىشى، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك. يەنە
18) ئۇزاقتىچە مېنىڭ ئوغلۇم، قىزىم
19) بىلەن بۇ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى مەدھىيىلەپ
20) ئالقىشلاپ، ئون كارماپتنى[203] مۇھاپىزەت قىلىپ
21) بىز ئۈچۈن بۇيان ـ ساۋاب قازىنىشى كېرەك.
22) بىز ھەممىمىز ئۇ دارنى

444. 1) tuttachï kishig köyü kösätü tutup
2) adasïz tudasïz qïlghay biz. yana
3) azun azunta yir altïnqï
4) aghïlïqlarïgh körgäli udachï bolghay.
5) at yol ayagh chiltäg tiläsär
6) üngäy bütkäy. qush kozghun til-
7) in ymä uqtachï bolghay. atï
8) kötrülmish, ayaghqa tägimlig tngrim,
9) bu drni tuttachï kishilär birük mini
10) kärgäli küsäsärlär, ötrü yörüng
11) ay säkiz yangïta azu ymä bish
12) ygrmitä öz bädizchig arïgh
13) bächädip bish türlüg bodughqa ïghach
14) yilimin qatïp yangï arïgh yörüng
15) böztä utïrata tngrim sizing
16) körküngüzni bädizätzün.
17) soltïn yïngaq sirikini qut tngri
18) qatunï, ongtin yïngaq mäning
19) körkimin kuwraghïmïz birlä tügäl
20) bädizätzün. qachan bütüktä
21) ötrü qua chächäkin yula tütsük-
22) in tünlä küntüz üzüksüz
23) tapïnzun udunzun, tüü türlüg

444 .1) تۇتقان كىشىنى ئەتىۋارلاپ ئاسراپ - مۇھاپىزەت قىلىپ،
2) ئۇنى بالايىئاپەتتىن خالىي قىلغايمىز. يەنە
3) زامان - زامانلاردا زېمىندىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان
4) خەزىنىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىمىز.
5) نام - شۆھرەت، قەدىر - قىممەت تىلىسەك
6) ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەييار بولىدۇ، پۈتىدۇ. قۇش - قوزغۇنلارنىڭ
7) تىلىنى ئۇقىدىغان بولىمىز. نامى
8) مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم،
9) بۇ دارنىنى تۇتقۇچى كىشىلەر، ئەگەر مېنى
10) كۆرۈش ئارزۇسىدا بولسا، ئاق
11) ئاينىڭ سەككىزىنچى كۈنى ياكى ئون
12) بەشىنچى كۈنى ئۆز جامالىنى پاكىز
13) بېزەپ، بەش تۈرلۈك بوياققا دەرەخ
14) يىلىمىنى قوشۇپ، يېڭى، پاكىز ئاق
15) بۆزنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭرىم، سىزنىڭ
16) تۆرقىڭىزنى بېزەتسۇن،
17) سول تەرەپكە سىرىنىڭكى قۇت تەڭرى
18) خاتۇنىنىڭ، ئوڭ تەرەپكە مېنىڭ
19) كۆركۈمنى جامائەتلىرىم بىلەن تولۇق
20) بېزەتسۇن. ئۇلار پۈتكەندە
21) گۈل - چېچەكلەر بىلەن، مەشئەل - ئىسرىقلار
22) بىلەن كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي
23) ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن، ئېھتىرام بىلدۈرسۇن. تۈرلۈك

## VI. 24a (altïnch tört otuz)

## ئالتىنچى (تۆپلەم) يىگىرمە تۆتىنچى (ياپراق) ئا

445. 1) äsrinkü ash ichkülär üzä
2) shashmadïn ödinchä aghïr ayagh qïlsun.
3) uchuz yinik köngül tutmadïn aghïr
4) ulugh kirtkünch köngül turghurup mini
5) oqïyu ötünü bu drnïgh sözläz-
6) ün. drnisi bu ärür
7) namu shiri kantaya namu buday-
8) a namu wayshirwaniya yaksaraks-
9) a saya mxarancha adirachaya

445 .1) مەززىلىك ناز - نېمەتلەر بىلەن
2) ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇلارغا ئىززەت - ئېھتىرام قىلسۇن.
3) بىپەرۋالىق قىلماي، قاتتىق
4) ئۇلۇغ، سادىق كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، مېنى
5) چاقىرتىپ بۇ دارنىنى ئوقۇسۇن.
6) بۇنىڭ دارنىسى مۇنداق:
7) نامۇ سىرى كانتايا نامۇ بۇددايا
8) نامۇ ۋاسىراۋانيا ياكسا راكسا -
9) سايا ماھارانچا ئادىراچايا نامۇ

10) namu shiriniyaya mxadiwniya-
11) ya tadinta tara tara turu
12) turu ambara ambara susitdu su-
13) sitdu xara xara manikanaka
14) wchra wayturiya mukti alankrta
15) sariraya nambu sarwa satua kid
16) kama wayshirawana shiridiwi bari kalba
17) dar ixi ixi man abilaba kurina
18) kurin marisa ananaydigi mama
19) amuga muran darsana kamasia mam-
20) a. . . im män braxmadaya swaxa
21) atï kötrülmish ayaghqa tägimlig
22) tängrim, abam birük män bu drni söz

10) شىرىنىيايا مهادىۋانىيا ـ
11) يا تادىنتا تارا تارا تۇرۇ
12) تۇرۇ ئامبارا ئامبارا سۇسىتدۇ سۇ ـ
13) سىتىدۇ هارا هارا مانىكاناكا
14) ۋچرا ۋايتۇرىيا مۇكتىئالانكرتا
15) سارىرايا نامبۇ سارۋا ساتۇئا كىد ـ
16) كاما ۋايشىراۋانا شىرىدىۋى بارى كالبا ـ
17) دار ئىهى ئىهى مان ئابىلابا كۇرىنا
18) كۇرىن مارىسا ئانانايدىگى ماما
19) ئامۇگا مۇران دارسانا كاماسىئا مام ـ
20) ا ... ئىم مان براهمادايا سۋاها.
21) نامى مەشهۇر، هۆرمەتكە سازاۋەر
22) تەڭرىم، ئەگەر مەن بۇ دارنى سۆزلىگۈچى

## VI. 24b

ب

446. 1) kishining bu drnini sözläp tapïgh
2) udugh aghïr ayagh qïlmïshlarïn körü
3) tägsinsär män, ötrü ögrünch säwinch
4) köngülüm turu täginip azu kichig-
5) oghlanqïa körkin azu qarï awïnch-
6) qa körkin, azu toyïn dintar
7) körkin qïlïp iligimtä chintämäni
8) ärdini altun qapchuq birlä
9) tuta mantal ichintä kirip ät'öz-
10) üm üzä aghïr ayagh qïlu tilim
11) üzä burqanlar atïn atayu ol
12) drni tuttachï kishining köngülintäki
13) küsämish küsüshin ayïtïp, küsüshin
14) qanturu täginkäymän. birük ol tüz-
15) ünlär oghlï ät'öz kizlägülük törüg
16) küsäyür ärsär, azu ärdini yinchü
17) bälgürtkäli küsäyür ärsär, azu qamagh
18) kişikä amraq ayaghlïgh bolghalï küsä-
19) yür ärsär, azu äd tawar altun
20) kümüsh küsäyür ärsär, azu uchmaq
21) qalïmaq ädrämig küsäyür ärsär, azu
22) uzun öz yash, azu mängi ögrünchü
23) küsäyür ärsär, bu küsüshlärin barcha-

446 .1) كىشىنىڭ بۇ دارنىنى ئوقۇپ، هۆرمەت -ئىھتىرام
2) بىلەن خىزمەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە،
3) خۇشاللىق، سۆيۈنۈش
4) كۆڭلۈمنى تۇرغۇزۇپ، ياكى كىچىك
5) بالا قىياپىتىگە، ياكى ياشانغان قېرى
6) قىياپىتىگە، ياكى دىندار راهىب
7) قىياپىتىگە كىرىپ، قولۇمدىكى چىنتامانى
8) ئەردىنىنى ئالتۇن سېلىنغان قاپچۇق بىلەن
9) ئېلىپ مانتال ئىچىگە كىرىپ، ئەتئۆزۈم
10) بىلەن هۆرمەت - ئىھتىرام بىلدۈرۈپ،
11) تىلىم بىلەن بۇرخانلارنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئۇ
12) دارنى تۇتقۇچى كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى
13) ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئېيتىپ، ئارزۇ - تىلىكىگە
14) قاندۇرغايمەن. مۇبادا ئۇ ئېسىللار
15) ئوغلى، ئەتئۆزىنى يوشۇرىدىغان هۈنەر - قائىدە
16) تىلىسە، ياكى ئەردىنى، ئۈنچە - مەرۋايىت
17) ياساشنى تىلىسە، ياكى بارلىق
18) ئىنسانلارغا ياخشى كۆرۈنۈشنى
19) ئارزۇ قىلسا، ياكى مال - دۇنيا، ئالتۇن -
20) كۈمۈش ئارزۇ قىلسا، ياكى كۆك ئاسماندا
21) ئۇچۇش قابىلىيىتىنى تىلىسە، ياكى
22) ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى تىلىسە، ياكى شادلىق،
23) خۇشاللىق تىلىسە، بۇ ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ هەمە-

## Ⅵ. 25a (altïnch bish otuz)

447. 1) ni köngül iyin kanturghaymän. taqï
2) ymä bularta adïn nä türlüg
3) küsüshi saqïnchï ärsär, alqunï
4) barcha bütürgäymän. inchip ärdini-
5) lig aghïlïqlar üzä tolu ädgü
6) ädrämlär üzä tügällig qïli tägin-
7) käymän. qltï tngrim antagh oghur-
8) ï yïghï bolup bu küntä yöriyür
9) künli aylï yirkä tüshkäy,
10) yitinchsiz yitiz yaghïz yir täbräp
11) kökkä aghdïnghay kim, män ötünü
12) täginmish bu kirtü sawïm näng inchip
13) idi adïnsïgh bolu täginmäkäy. taqï
14) ymä atï kötrülmish ayaghqa tägimlig
15) tängrim, bu ïduq nom iliki atlq nom
16) ärdinig boshghuntachï tuttachï oqï-
17) dachï sözlädächi bitidächi bitittä-
18) chi tüzünlär oghlï tüzün-
19) lär qïzï birük bu drnïgh ymä birlä
20) tuttachïlar sözlädächilär bu nom
21) ärdini küchintä ämgäksizin sidi
22) tigmä ishig kötügüg trk

## ئالتىنچى (تۆپلەم ) يىگىرمە بەشىنچى (ياپراق ) ئا

447. 1) مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئارزۇسى بويىچە قاندۇرغايمەن.
2) يەنە بۇلاردىن باشقا يەنە قانداق
3) تىلەكلىرى بولسا، ھەممىسىنى
4) قاندۇرغايمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئەردىنىلىك
5) خەزىنىلەرگە تولغان، ئەزگۇ ـ ياخشى
6) پەزىلەتكە توشقان قىلىمەن.
7) مۇبادا تەڭرىم، شۇنداق كۈن ـ پۇرسەتلەر
8) كېلىپ قېلىپ، كۆكتە ئايلىنىپ يۈرگەن
9) كۈن بىلەن ئاي يەرگە چۈشۈپ،
10) چەكسىز كەڭرى قارا چىلان يەر تەۋرەپ
11) كۆككە ئۆرلىسىمۇ، مېنىڭ قىلغان
12) بۇ چىن سۆزلىرىم زادى
13) باشقىچە بولۇپ چىقمايدۇ.
14) يەنە نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر
15) تەڭرىم، بۇ مۇقەددەس نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم
16) ئەردىنىنى ئۆگەنگۈچى، ساقلىغۇچى، ئوقۇ ـ
17) غۇچى، سۆزلىگۈچى، كۆچۈرگۈچى، كۆچۈرگۈز ـ
18) گۈچى ئېسىللار ئوغلى، ئېسىللار
19) قىزى شۇنداقلا بۇ دارىنىنى
20) ئېسىدە ساقلىغۇچى، سۆزلىگۈچىلەر بۇ
21) نوم ئەردىنى كۈچىدە، ھېچ جاپا تارتماستىن
22) سېھرىي كۈچى بىلەن ئىش ـ كۈشلىرىنى تېزدىن

## Ⅵ. 25b

448. 1) bütürgäylär. mn ämti tngrim,
2) alqu yoq chïghay irinchyrlïq ämgäk-
3) lig tolghaqlïgh tïnlghlarnïng küsüsh-
4) lärin qanturghalïr üchün, yana ymä
5) oghrayu bu nom ärdinig köyü küsätü
6) tutqalïr üchün, anïn bu drni nom-
7) ugh törüsi birlä acha yada ötünü
8) tägintim. bu nom ärdinig kingürü
9) yadachï män ötünmiş drnïgh tut-
10) tachï tüzünlär oghlïnïn bir zaun-
11) ta iyin itärü yorïp köyü kösätü
12) tutqaymän. munchulayu ök ming

## ب

448. 1) پۈتتۈرىدۇ. ئەمدى تەڭرىم،
2) بارلىق يوقسۇل، نامرات، بىچارە، تەلەيسىز، جەبرە
3) چەككەن، قىيىنچىلىقتا قالغان جانلىقلارنىڭ ئارزۇ ـ
4) تىلىكىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا
5) بۇ نوم ئەردىنىنى ئاياپ ـ ئەتىۋارلاپ
6) تۇتۇش ئۈچۈن، بۇ دارنى نومنى
7) قائىدە بويىچە كەڭتاشا سۆزلىدىم.
8) بۇ نوم ئەردىنىنى كەڭرى
9) تارقاتقۇچى، مەن ئېيتقان دارىنىنى ئېسىدە
10) تۇتقۇچى ئېسىللار پەرزەنتىنى بۇ دۇنيادىن
11) تاللىۋېلىپ، ئۇنى ئاياپ ـ ئەتىۋارلاپ
12) كۈتىمەن، شۇنداقلا مىڭ

13) bagh yäklär quwraghïm ol ol tüzün-
14) lär oghlïning ishin yumïsh-
15) in qïlu täginip öngin öngin
16) köyü közätü tägingäylär
17) yüz ming turqï yirtä yruq yaltrïq
18) közüntürgäylär. bu mäning ötünmish
19) ötügüm äsük igit bolu täginmägü-
20) singä atï kötrülmish ayaghqa
21) tägimlig tngrim, tanuq bolu yrlïqaghay.
22) ärti tip ötünti. wayshirwani mxa-
23) rancha bu ötügüg ötünüp bu drnilarïgh

## VI. 26a (altïnch altï otuz)

449. 1) törüsi birlä sözläyü tügätmish-
2) tä kin, ötrü tükäl bilgä tngri
3) tngrisi burxan wayshirwani mxa-
4) ranchigh ögä alqayu yarlïqap ädgü
5) ädgü sn wayshirwaniya bir ärsär,
6) qamagh yalanguqlarnïng chïghay ämgäklig
7) tod tolïy achïgh ämgäklärin tarqarghuluq

8) ikinti ärsär, bu nom ärdinikä taqï
9) artuqraq süzülgülük ärtingü krgäk-
10) lig ötüg ötüntüng. birük kim
11) qayu tïnlïghlar bu törüchä äwrilip qatïgh-
12) lansarlar, közämish küsüshläri ymä
13) kanghay. bu nom ärdini ymä yirtinchütä

14) kingürü yadïlghay tip yarlïqadï.
15) ötrü antada basa tört maxarancha
16) tängrilär yumqï olurmïsh orun-
17) larïntïn örü turup birtin sïngar-
18) nïng angïnlarïntaqï tonlarïn
19) achïnip kntü kntü ïduq töpüläri
20) üzä tngri tngrisi burxan adagh-
21) ïnta yinchürü tüpün yükünüp ong tiz-
22) lärin chökätip ayalarïn kawshurup

13) فامىلىلىك شەيتان جامائىتىم ئۇ ئىبسىلـ
14) لار پەرزەنتىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى
15) قىلىشىپ بېرىپ، ئۇلارنى ھەر
16) تەرەپتىن ئەتىۋارلايدۇ.
17) يۈز مىڭ قەدەم يەردە نۇرلۇق - يالتىراق
18) كۆرستىدۇ. مېنىڭ بۇ قىلغان
19) سۆزلىرىمنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە
20) نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر
21) تەڭرىم، گۇۋاھلىق قىلىپ بەرسىڭىز بولاتتى
22) دەپ ئۆتۈندى. ۋايشىرۋانى ماھا-
23) راج بۇ ئىلتىماسنى قىلىپ، بۇ دارنىلارنى

## ئالتىنچى (تۇپلەم) يىگىرمە ئالتىنچى (ياپراق) ئا

449.1) قائىدىسى بويىچە سۆزلەپ تۈگەتكەنـ
2) دىن كېيىن، ئاندىن ھەممىگە قادىر
3) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان ۋايشىرۋانى ماھا-
4) راجنى ماختاپ - مەدھىيىلەپ، ياخشى -
5) ئوبدان، سەن ۋايشىرۋانى، بىرىنچىدىن بارلىق
6) ئىنسانلارنىڭ جاپاسىنى،
7) قىيىنچىلىقىنى، يوقسۇلچىلىقىنى تارقىتىش
ئۈچۈن،
8) ئىككىنچىدىن بۇ نوم ئەردىنىگە تېخىمۇ
9) سادىق بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان
10) ئىلتىماسنى قىلدىڭ. مۇبادا قايسىبىر
11) بىر جانلىق بۇ قائىدە - نىزام بويىچە ئىش قىلىپ
12) تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ
13) قىلغان تىلەكلىرىگە قانىدۇ. بۇ نوم ئەردىنىمۇ
جاھاندا
14) كەڭرى تارىلىدۇ، دېدى.
15) شۇندىن كېيىن، تۆت ماھاراج
16) تەڭرى ھەممىسى ئولتۇرغان ئورنىدىن
17) ئۆرە تۇرۇپ بىر قولىنىڭ
18) يەڭلىرىنى سىلىپ،
19) ئىككى قولىنى ئېگىز قىلىپ،
20) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخاننىڭ
21) ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، ئوڭ
22) تىزلىرىنى چۆكتۈرۈپ، قوللىرىنى جۈپلەپ

450. 1) aghïr ayamaqïn tngri tngrisi burxan-
2) ïgh bu shlok taqshut üzä ögä
3) inchä tip ötüntilär:
4) tängrim sizning yüzüngüz tolun ay-
5) qa oqshatï ärür yüz ming kün tngri
6) birgärü yrutu yashutu turur täg.
7) közüngüznüng itigi kök linxuaqa
8) oqshayur, tüzdäm yürüng tish-
9) ingiz qarlïgh taghtäg yaltïrïyur.
10) qïdïghsïz ulugh ädgüngüz taluy ögüz-
11) täg king täring ulsuz tüpsüz
12) ädgülüg ädgü ärdinilärin yükmäk ol
13) bilgä biliklig suw [1] üzä tasha
14) turur, üzüksüz yüz ming türlüg
15) yig dyanlar ymä birlä tolu ärür.
16) adaghïngïzning uulïnta chakr
17) laksan itigi ol ming kikäygä
18) tükällig, utïra qoollugh ultunglugh
19) iligingiz adaghïngiz ängräkläri
20) tözü turur itiglig qop blgükä
21) äksüksüz qazlar kanï iliki täg.
22) ät'özüngüz yaltrïyur altunlugh
23) (ta)gh yashuyurtäg arïghï üzä

450 .1) زور ھۆرمەت بىلەن تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخاننى
2) تۆۋەندىكى قەسىدە بىلەن مەدھىيىلەپ،
3) ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:
4) تەڭرىم، سىزنىڭ يۈزىڭىز خۇددى تولۇن
5) ئايغا ئوخشاش بولۇپ، يۈز مىڭ كۈن تەڭرىسى
6) بىرلىكتە نۇر چىقىرىۋاتقاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ.
7) كۆزىڭىزنىڭ زىننىتى كۆك نىلۇپەر گۈلىگە
8) ئوخشايدۇ. تۈپتۈز، ئاق چىشلىرىڭىز
9) خۇددى قارلىق تاغدەك يالتىرايدۇ.
10) چەكسىز ئۇلۇغ ئەزگۈ ـ ياخشىلىقىڭىز دەريا ـ دېڭىزدەك
11) كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى يوقتۇر، ئۇ
12) ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان ئەردىنىلەرنىڭ يىغىلغان جايىدۇر،
13) ئۇ ئەقىل ـ بىلىم سۈيى بىلەن توشقان بولۇپ،
14) چەكسىز يۈز مىڭ تۈرلۈك ياخشى
15) ديان يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىرگىدۇر.
16) پۇت ـ تاپىنىڭىزنىڭ كۆرۈم چەمبىرىكى
17) گۈزەللىككە توشقان بولۇپ، ئۇ مىڭ كىگەي ـ چاقچا [204]
18) تەڭدۇر، پۇت ۋە قولىڭىزنىڭ بارماقلىرى
19) (ھارۋا) چاقىنىڭ شادىلىرىدەك تەكشى
20) بولۇپ، خۇددى غاز ئىلىكى
21) (بارماقلىرىدەك) تۈز ـ تەكشىدۇر.
22) ئەتئۆزىڭىزدىن خۇددى ئالتۇنلۇق تاغنىڭكىدەك
23) پاك نۇر چاقناپ تۇرىدۇ.

## VI. 27a (altïnch yiti otuz)

## ئالتىنچى (تۈپلەم) يىگىرمە يەتتىنچى (ياپراق) ئا

451. 1) sachïlmïsh, adïnqa idi oqshamaz
2) taghlar qanï sumïr tagh täg alqu
3) ädgülärin aghïr titir. anïn ämti
4) yükünürbiz burxan ïduq taghlar
5) kanïnga laksanlïgh ädgüläringiz
6) qulusuz kök qalïq täg tanglanchsïz
7) titir. ming kün ay tngrilär
8) birgärü yruq ïdmïsh täg artuqraq
9) yilwi kümän saqïsh täk saqïnghuluq-

451 .1) باشقىلارغا زادى ئوخشاشمايدىغان
2) تاغلار خانى سۇمىر تېغىدەك بارلىق
3) ياخشىلىقلىرىڭىز بۈيۈك دېيىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمدى
4) يۈكۈنىمىز بۇرخان مۇقەددەس تاغلار
5) خانىغا، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىڭىز
6) چەكسىز كۆك ئاسماندا
7) تاڭ قالارلىق دېيىلىدۇ. مىڭ كۈن، ئاي تەڭرى
8) بىرلىكتە نۇر چاچقاندىنمۇ ئارتۇقراقسىز
9) سىزنىڭ سېھرىي كۈچىڭىز بىلەن ئويلاپ يەتكۈسىز ـ

[1] بۇ سۆز ئەسلىي تېكىستتە saw (سۆز) دەپ يېزىلغان. بىز كونتېكىستتا ۋە ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىگە ئاساسەن suw (سۇ) بولسا توغرا بولىدۇ دەپ قاراپ suw دەپ ترانسكرىپسىيە قىلدۇق.

10) suz ärürsiz. anï üchün yükünürbiz
11) ilinchsiz arïgh köngüllügkä tip
12) ötüntilär. tört mxarancha
13) tngrilär tngri tngrisi burxanïgh
14) munchulayu ögä tügätmishtä kin
15) ötrü tügäl bilgä tängri tngrisi
16) burxan ymä shlok taqshutïn
17) tört mxarancha tngrilärkä inchip
18) yanturu incha tip yarlïqadï
19) altun önglüg yruq yaltrïqlïgh köp-
20) ta kötrülmish bu nom ärdinig üzölik –
21) siz on küchlüg oghrayu öqïtu nom-
22) latïm. sizlär kamagh törtägü ozatï

10) دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئىلىنمايدىغان
11) پاكىز كۆڭۈللۈك سىزگە يۈكۈنىمىز دەپ
12) ئۆتۈندى. تۆت ماھاراج تەڭرى
13) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخاننى
14) مۇشۇنداق ماختاپ بولغاندىن كېيىن،
15) ئاندىن ھەممىگە قادىر تەڭرىلەر تەڭرىسى
16) بۇرخان يەنە تۆت ماھاراج
17) تەڭرىگە ياندۇرۇپ مۇنداق
18) ئالقىش - مەدھىيە ئوقۇدى:
19) ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق - يالتىراقلىق ھەم-
20) مىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ نوم ئەردىنىنى
21) يۈكسەك ئون كۈچلۈك (ئورۇندا) سىلەرگە
22) ئوقۇپ سۆزلىدىم. سىلەر تۆتىڭلار ھەر دائىم

## VI. 27b

ب

452. 1) köyü közätü tutquqa turqurghalï
2) yanmaqsïz qïnïgh qatïgh bäk köngül.
3) bu nom ärdini yürügi täringtä täring
4) king titir. uyur birgäli tïnlghlarqa
5) qamaghta yig inch mängig. inch qïlghalï
6) udachï üchün öküsh tälim tïnlgh-
7) larïgh ozatï kingürü yadïnglar.
8) chambudiwip ulushta bu yirtinchü
9) ichindä üch ming ulugh ming ulushlar-
10) ta qayu nächä bar ärsär, qamagh tïnlgh
11) oghlanï tamulughlar ulatï yïlqï
12) prit azunï barcha tarïqsun.
13) birgärü bularnïng alqu ämgäki kün-
14) tin yïngaq otruqta, yir orun sayu
15) turtachï qayu nächä bar ärsär,
16) öngi öngi baghlïgh kishilär ozatï
17) ögrünchlüg bolzunlar. bu nom ärdini
18) küchintä qamaghun birgärü bulsunlar
19) küsätchilig inch mängig. yana ymä
20) bu qamagh imärigmä tïnlghlar oghlanï-
21) nïng aghrïqtin qutrulup, yaghïsiz yawlaq-
22) sïz bolzunlar. il ulushta kingürü
23) yadmïsh üchün bu nomugh inch mängi-

452 .1) ئۇنى ئاياپ - ئەتىۋارلاپ، ئىككىلەنمەيدىغان
2) قاتتىق كۆڭۈلۈڭلەردە چىڭ تۇتۇشۇڭلار كېرەك.
3) بۇ نوم ئەردىنىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە
4) كەڭ دېيىلىدۇ. ئۇ جانلىقلارغا ھەممىدىن
5) ياخشى تىنچ ۋە شادلىقنى بېرىشكە قادىر
6) ئۇ تىنچ قىلىشقا قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن
7) ئۇنى ھەر دائىم كەڭرى تارقىتىڭلار.
8) چامبۇدىۋىپ ئېلىدە، بۇ دۇنيادا، ئۈچ
9) مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يەر - زېمىندا قانچىلىك
10) جانلىق پەرزەنتلىرى بولسا،
11) دوزاخلىقلار بولسا، جىن -
12) ئالۋاستىلار بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تارقاتسۇن
13) شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇلارنىڭ بارلىق جەبرى - جاپاسى
14) جەنۇب تەرەپتىكى ئاراللاردىن تەرەپ - تەرەپكە
15) قانچىلىك تارقىسا، خىلمۇ خىل
16) فامىلىلىك كىشىلەر ھەر دائىم
17) بۇنىڭدىن خۇشاللانسۇن. بۇ نوم ئەردىنى
18) كۈچىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە
19) كۆزلىگەن تىنچ - شادلىققا ئىگە بولسۇن.
20) يەنە بارلىق ئۇيۇشقان جانلىقلار ئوغلانلىرى
21) ئاغرىقتىن قۇتۇلۇپ، ياۋ - دۈشمەن-
22) سىز بولسۇن، ئەل - دۆلەتتە بۇ نوم
23) ئەردىنى كەڭرى تارقالغانلىقى ئۈچۈن، تىنچ -

## VI. 28a (altïnch säkiz otuz)

453. 1) kä tägkäylär igsiz kämsiz busushsuz.
2) qayu yalanguq bu nomugh süzüg köngülin
3) äshitip aghïr ayaghïgh tiläsär, ät'
4) tawarïgh küsäsär, il ulush kingüril-
5) sün, irsi qarşï bolmazun tip
6) köngül iyin küsüshü barcha qanghay
7) tapïncha, ughay yanturu tïtqalï
8) yad illig yaghïlarïgh qïlghalï
9) ozatï inchkülüg öz ilin ulush-
10) in. kopta kötrülmish nom ol bu
11) munung küchintä tarqarïp qalïsïz alqu
12) ämgäk bolmaghay taqï busush kadghu.
13) qltï birök bar ärsär, ärdini sögüt
14) nä ichin blgürär anta üzüksüz
15) mängilärning yiwäki anchulayu ymä
16) bar ärsär, bu nom ärdini qayu
17) iltä uyur birkäli iliglärkä
18) yigädinchlig qut buyan. qltï süz-
19) ülmish süzüg suw soghïqïnga tügäl-
20) lig uyur qanturghalï usmaqïgh
21) äsirkämäk ämgäkig. anchulayu ymä bu
22) sutur qopta kötrülmish ïduq nom

## ئالتىنچى (تۆپلەم) يىگىرمە سەككىزىنچى (ياپراق) ئا

453. 1) شادلىقتا ئېرىشىدۇ، ئاغرىق - سىلاقسىز، غەم - قايغۇسىز بولىدۇ.
2) قايسى ئىنسان بۇ نومنى سۈزۈك كۆڭۈل
3) بىلەن ئاڭلاپ، ئالىيجانابلىقىنى، مال -
4) دۇنيانى ئەل - دۆلەتنىڭ كېڭىيىشىنى،
5) ياۋ - دۈشمەنسىز بولۇشنى ئارزۇ قىلسا،
6) ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئۇنىڭ ئارزۇسى قاندۇرۇلىدۇ،
7) تىلىكىگە يېتىدۇ. يات ئەل دۈشمەنلىرىنى
8) چېكىندۈرۈپ، ئۇزاققىچە ئۆز ئەل -
9) دۆلەتنى تىنچلىقتا يەتكۈزەلەيدۇ.
10) ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان
11) بۇ نومنىڭ كۈچىدە
12) بارلىق جەبرى - جاپا، غەم - قايغۇلارنى
13) قالدۇرماي تارقاتقىلى بولىدۇ. مۇبادا
14) ئەردىنى دەرەخ ئىچىدىن ئۈزلۈكسىز ھالدا
15) شادلىق قوراللىرىنى چىقارسا،
16) بۇ نوم ئەردىنى شۇ ئەلدىكى ئىلىكلەرگە
17) غالىبىيەت قۇت - بۇيانلىرىنى
18) بېرەلەيدۇ، خۇددى سۈزۈلگەن
19) سۈزۈك سۇ سوغۇقى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ،
20) ئىسسىق جاپاسىنى
21) يوقىتالىغىنىغا ئوخشاش. شۇنداق قىلىپ بۇ
22) سۇترا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەس

## VI. 28b

454. 1) uyur qanturghalï tïnlghlarnïng
2) qut buyan tiläklig küsüşin. qltï
3) kişining bar ärsär ärdini qamatsi
4) äwintä nä krgäki boltuqta
5) tapïncha bütär köngül iyin. anchulayu
6) ymä bu sutur qopta kötrülmish
7) iduq nom qop küsüshüg qanturur
8) köngül iyin äksüksüz. sizlär
9) qamagh tngrilär quwraghïngizlär
10) birlä birgärü aghïr ayagh qïlïnglar
11) bu nom iliki suturqa. usar siz-

## ب

454. 1) نوم جانلىقلارنىڭ قۇت - بۇيان تىلەيدىغان
2) ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ. مۇبادا ئىنساننىڭ
3) ئەردىنى ساندۇقى ئۆيى بولسا، نېمە كېرەك
4) بولسا كۆڭۈل ئارزۇسى بويىچە
5) شۇ ھامان پۈتىدۇ. شۇنداق قىلىپ
6) بۇ سۇترا - ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان
7) مۇقەددەس نوم ئۇلارنىڭ ھەممە ئارزۇسىنى
8) كۆڭۈلدىكىدەك كەم - كۈتىسىز قاندۇرىدۇ. سىلەر
9) بارلىق تەڭرىلەر جاماتىڭلار بىلەن
10) ئاۋايلاپ ئەتىۋارلاڭلار بۇ نوم
11) پادىشاھى سۇترانى. ئەگەر سىلەر

12) lar yrlïghcha buyan ädgü qïlghalï
13) bilgä bilik chogh yalïn tügäl
14) bolghay. barchanïng ontïn sïngar
15) ärigmä közünür ödki burqanlar
16) qamaghun yumqï küsätür öyü
17) saqïnu bu nomugh. körsärlär birük
18) nomladachïgh bişruntachï tuttachïgh
19) ögä alqayu birürlär ädgülärin
20) mungadïnchïgh. qayu kishilär tïnglas-
21) arlar bu nom ärdinig qop köngülin
22) ät'özläri köngülläri qalïngurghay-
23) lar ögrünchin. ürük ozatï yüzär
24) ming

## VI. 29a (altïnch toquz otuz)

455. 1) yäklär quwraghï yïghïlïp ärmish tur-
2) mish orunta iyin idärü küsät-
3) käy. bu yir suwta ärikmä qamagh
4) tängrilär quwraghï sanï saqïshï
5) qulusuz saqïnu yitinchsiz titir-
6) lär. ular barcha birgärü äshitkäy-
7) lär bu nomugh yanmaqsïzïn
8) säwinchlig köyü küsätü tutqaylar.
9) qayu kishilär äsitip bu nom ärdinig
10) boshghunsar, ärklig türklig alp atïm
11) choqlugh yalïnlïgh bolghaylar. tngri
12) yalanguq quwraghï alqughun barcha
13) ashïlghay, äsilmäk busush tarïqïp yruq-
14) larï östälgäy tip yarlïqadï.
15) ol ödün tört mxarancha tängri-
16) lär tngri tngrisi burxanta
17) bu shlok taqshutlugh nomlugh yrlïq-
18) ïgh äshitü ärtingü ögrip säwinip
19) tngri tngrisi burxanqa yana incha
20) tip ötüntilär. atï köt-
21) rülmish ayaghqa tägimlig tngrim
22) ozadïnbärü äshitmädük inchkädä

12) يارلىقىم بويىچە ئەزگۈ ـ بۇيان ئىش قىلىشقا
13) جۈرئەت قىلساڭلار، ئەقىل ـ بىلىمگە، ئاتاق ـ
14) ئابرۇيغا تولۇق بولىسىلەر، ئۇن تەرەپتىكى،
15) ھازىرقى زاماندىكى بارلىق بۇرخانلارنىڭ
16) ھەممىسى بۇ نومنى ئويلايدىغان، ئۇنىڭغا
17) سېغىنىدىغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ نومنى
18) نومىلىغۇچىلارنى، ئۆگەنگۈچىلەرنى، ساقلىغۇچىلارنى
19) كۆرسەڭلار، ئۇلارنى ماختاپ ـ مەدھىيىلەپ،
20) ياخشى، بۇنداق قىلىش ئاز ئۇچرايدۇ، دېگىلەر
21) ئەگەر قايسىبىر كىشى بۇ نوم ئەردىنىنى
22) تىڭشىسا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى، ئەتئۆزلىرى
23) شادلىنىپ، جانلىنىپ كېتىدۇ. دائىم يۈز
24) مىڭچە

## ئالتىنچى (تۈپلەم) يىگىرمە توققۇزىنچى (ياپراق) ئا

455. 1) شەيتانلار جامائەتتى يىغىلىپ ئۇلار تۇرغان
2) بۇ ئورۇنلارنى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە مۇھاپىزەت
3) قىلىدۇ. بۇ يەر ـ جاھاندىكى بارلىق
4) تەڭرىلەر توپ ـ جامائەتنىڭ سانى سان
5) ساناقسىز، ئۇنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ،
6) دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە
7) بۇ نومنى ئىككىلەنمەي تىڭشايدۇ، خۇشاللىق
8) بىلەن ئۇنى ئەتىۋارلاپ تۇتىدۇ.
9) قايسىبىر كىشى بۇ نوم ئەردىنىنى ئاڭلاپ
10) ئۆگەنسە، ئۇ كىشى كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، باتۇر،
11) مەرگەن، سۇر ـ ھەيۋەتلىك بولىدۇ. تەڭرى،
12) ئىنسان جامائەتلىرى ئاشىدۇ،
13) غەم ـ قايغۇلار تارقىلىپ، يورۇقلۇق
14) كۆپىيىدۇ دەپ يارلىق قىلدى.
15) بۇ چاغدا تۆت ماھاراج تەڭرى
16) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخاندىن
17) بۇ قەسىدە ـ مەدھىيىلەرنى
18) ئاڭلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، سۆيۈنۈپ،
19) تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخانغا يەنە
20) نامى مەشھۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر تەڭرىم،
21) ئۇزاقتىن بېرى ئىنتايىن تەپسىلىي،
22) چوڭقۇر مەنىلىك، مەزمۇنلۇق

## VI. 29b

456. 1) yinchkä tütrüm täring yürüglüg nom
2) yarlïqïgh bükünki küntä äshitkäli
3) bolu tägintimiz tip. ötrü achïghlarï
4) kilip yashlarï tökülü äd özläri
5) titräyü saqïnu sözläyü yitinchsiz
6) ulugh mungadmaqqa tägip, ötrü
7) mandarik mxamandarik atlïgh
8) tängridäm xua chächäklärig tängri
9) tängrisi burxan üzä aghïr ayagh
10) tapïgh udugh qïlïp, yana incha tip
11) ötündilär. atï kötrülmish ayaghqa
12) tägimlig tngrim, uqa yrlïqamïsh
13) bolzun biz qamagh tört mxaranch-
14) lar bishär yüz yäklär quwraghïmiz
15) täginür. birük qayu qayu yir orun-
16) ta bu nom ärdinig yana bu nomugh nom-
17) ladachï nomchï bar ärsär, ol
18) ancha quwraghïmiz birlä bu nom ärdinig
19) nomladachï nomchïgh iyin idärü orun
20) orun sayu öngi öngi yadïlïp köyü
21) küsätü täginkäybiz. birük yana
22) bu nom ärdini ichintäki qayu qayu
23) padaklarï, qayu qayu yürügläri

## ب

456 .1) نوم يارلىقىنى ئاڭلىمىغاندۇق،
2) بۈگۈن ئاڭلاشقا نېسىپ بولدى
3) دېدى. ئاندىن كېيىن ئاچچىقلىرى
4) كېلىپ، ياشلىرى تۆكۈلۈپ، ئەتئۆزلىرى
5) تىترەپ، ئويلاپ يەتكۈسىز
6) زور ئەجەبلىنىشكە تولۇپ، ئاندىن
7) ماندارىك ماھاماندارىك ئاتلىق
8) تەڭرىلىك گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن تەڭرىلەر
9) تەڭرىسى بۇرخانغا ھۆرمەت ـ
10) ئېھتىرام قىلىپ يەنە
11) نامى مەشھۇر ، ھۆرمەتكە سازاۋەر
12) تەڭرىم، شۇنى ئوقۇپ قېلىڭكى،
13) بىز تۆت ماھاراجىنىڭ ھەر بىرىمىزگە
14) بەش يۈزچە شەيتان قارايدۇ.
15) مۇبادا قايسى ئورۇندا بۇ نوم ئەردىنى ۋە
16) بۇ نومنى نوملىغۇچى نومچى بولسا، بىز
17) ئۇ جامائەتلىرىمىز بىلەن بۇ نوم
18) ئەردىنىنى نوملىغۇچى نومچىغا
19) ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە يېيىلىپ،
20) ئۇلارنى ئاۋايلاپ ـ ئەتىۋارلاپ
21) مۇھاپىزەت قىلىمىز. ئەگەر يەنە بۇ
22) ئەردىنى ئىچىدىكى قايسىبىر قەسىدە،
23) قايسىبىر مەنە ـ ئۇقۇم

## VI. 30a (altïnch ülüsh otuzta toltï)

| yïrïng | يىرىڭ |
| yiring | يىرىڭلىق |
| yïgh | پۇرسەت، مەزگىل |
| yïgh - | يىغماق، توپلىماق |
| yïghla - | يىغلىماق |
| yïghlash - | يىغلاشماق |
| yïghï | يىغا ـ زار |
| yïghïl - | يىغىلماق |
| yïghïn - | ① يىغىشتۇرماق، ئۆزىنى تارتماق؛ ② توپلانماق، يىغىلماق |
| yïghït | يىغا، يىغلاش، هازا |
| yïq ~ yïgh | |

## Q

| | |
|---|---|
| qab - | چىشلىمەك |
| qabsha - | تەۋرىمەك، ئىككىلەنمەك |
| qabung | ھەرە |
| qabï | قابى ؟ |
| qadash | قېرىنداش، تۇغقان |
| qadashlïgh | قېرىنداشلىق، تۇغقانلىق |
| qadagh | ① گۇناھ، خاتالىق؛ ② تۇرمە |
| qadghu | قايغۇ، ھەسرەت |
| qadghulugh | قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك |
| qadghusuz | قايغۇسىز |
| qadïn - | ئېچىنماق، قايغۇرماق |
| qadïr | يىرتقۇچ، ۋەھشىي |
| qal | سارالڭ، غالجىر |
| qalangghur - | ئوينىماق، سەكرىمەك، ئۇسۇل ئوينىماق |
| qaltï | ئەگەر، مۇبادا |
| qaltï bir ödün | بىر ۋاقىتتا |
| qalï - | قالماق، ئېشىپ قالماق |
| qalïlïgh ~ qalïqlïgh | |
| qalïn | قېلىن، كۆپ، زىچ |
| qalïngur - | جانلانماق، شادلانماق، خۇشاللانماق |
| qalïnchu | مىراس، بۇرۇندىن قالغان |
| qalïsïz | قالدۇرماي، تامامەن، مۇكەممەل، تولۇق |
| qalïsïz nirwan | تولۇق نىرۋان |
| qalïq | ① ئاسمان؛ ② راۋان |
| qalïqlïgh | تولۇق بولمىغان |
| qamatsi ∠ Hän. 槛子 | |
| qamagh | بارلىق، ھەممە |
| qamaqlïgh | ① پۈتۈنلەي، ھەممىسى دېگۈدەك؛ ② ئىگىدارچىلىق، تەۋەلىك |
| qamaghlïghsïz | ئومۇمىي بولمىغان، تولۇق بولمىغان |
| qamaghun | ھەممە، بارلىق |
| qamsha - | قىمىرلىماق، مىدىرلىماق |
| qamtsi ∠ Hän. 龛子 | ساندۇق |
| qamïl - | ① ئاغدۇرۇلماق، يىقىلماق، تەۋرىمەك؛ ② ئايلىنىپ كەتمەك، ھوشسىزلانماق |
| qamïsh | بامبۇك، قومۇش |
| qamïshlïgh | قومۇشلۇق |
| qan | خان، پادىشاھ |
| qan | قەيەر، نە، قايسى تەرەپ |
| qan - | قانماق، تەشنادىن چىقماق، تويماق |
| qanat | قانات |
| qandïran | قەيەردىن، نەدىن |
| qang | ئاتا، دادا |
| qanglï | ھارۋا |
| qanglïlïgh | ھارۋىلىق |
| qanlïgh | خانلىق، پادىشاھلىق |
| qanïmlïgh | قىنىش، مۇرادىغا يېتىش |
| qanïnchsïz | قانمايدىغان |
| qap | قاپ، تاغار |
| qap - | تۇتماق، ياپماق |
| qapchuq | قاپچۇق، خالتا ( پۇل سالىدىغان ) |
| qapïgh | ئىشىك |
| qapïghcha | دەرۋازا، كىچىك ئىشىك |
| qach | ① قانچە، نەچچە؛ ② قەيەر |
| qach - | قاچماق |
| qachan | قاچان |
| qar | قار |
| qara | ① قارا؛ ② پۇقرا، خەلق |
| qara ay | قارائاي |
| qara küsi | چاراكۈجە |
| qara qush | قاراقۇش |
| qarangghu | قاراڭغۇ |
| qarar - | قاراتماق، قاراڭغۇلاشماق |

| | |
|---|---|
| qararïgh | ① قاراراق، قاراڭغۇ؛ |
| | ② چۈشىنىكسىز، تۇتۇق |
| qachïq | ① قاچاق، قاچقۇن؛ |
| | ② سەزگۈ ئەزا لىرى؛ ③ تار، قىستاڭ |
| qaraghlïgh | قاراش، كۆرۈش |
| qaraq | ① كۆز قارىچۇقى، قاراق؛ ② قاراش، كۆرۈش |
| qarmapt | پەرھىز |
| qarsaq | چوڭ چىشى مايمۇن |
| qarshï | يان ـ ئالد، قارشى ( تەرەپ ) |
| qarshï | ئۆچمەنلىك؛ دۈشمەنلىك، دۈشمەن، مۇخالىپ |
| qarshï | ئوردا، ساراي |
| qart | يارا، جاراھەت |
| qargha | قارغا |
| qarï | قېرى، ياشانغان |
| qarï - | قېرىماق، ياشانماق |
| qarïl - | ئارىلاشماق، قوشۇلماق |
| qarïm | خەندەك |
| qarïn | قېرىن |
| qarïsh - | قارشىلاشماق، زىددىيەتلەشمەك |
| qarïshmaq | ئۇچرىشىش، يولۇقۇش |
| qash | قاشتېشى |
| qash | قاش |
| qash | قاش، يان، قىرغاق |
| qash qadash | ئۇرۇق ـ تۇغقان |
| qasïnchïgh | قورقۇنۇشلۇق، قورقۇش |
| qat | قاتماق، قوشماق، ئارىلاشتۇرماق |
| qata - | قاتا، قېتىم |
| qatar - | قايرىماق، قايتۇرماق |
| qatna - | |
| qatun - | خانىش، خوتۇن |
| qatqï | قاتتىق |
| qatï qarï | ئۇزلۇكسىز، ئىزچىل، ئارقىمۇ ئارقا |
| qatï qaratï | ئىزچىل، تەدرىجىي |
| qatïl - | قېتىلماق، ئارىلاشماق |
| qatïr | قاتتىق |
| qatïgh | قاتتىق، قەتئىي |
| qatïghdï ~ qatïghtï | |
| qatïghlan - | تىرىشماق، غەيرەت قىلماق |
| qatïghtï | قاتتىق، قاتتىقلىق بىلەن |
| qatïqlïgh | ئارىلاشما، ئارىلاشتۇرۇلغان |
| qatïqsïz | پاك، ساپ، ئارىلاشتۇرۇلمىغان |
| qaw∠Hän. 合 | ساندۇق |
| qwsha - ~ qabsha - | |
| qawshat - | مۇھاسىرە قىلماق، قورشىماق |
| qawshatïl - | قورشالماق، مۇھاسىر قىلىنماق |
| qawshur - | بىرلەشتۇرمەك، بىرلىككە كەلتۇرمەك |
| qawïnchsïz | كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، بىپەرۋالىق |
| qawïr - | ① باسماق، بوزەك قىلماق؛ ② قايناتماق |
| qawïra | قىسقا، قىسقىچە |
| qawïshghusuz | بىرلەشكۈسىز |
| qawïshïgh | قوشۇلۇش، قوشۇش، |
| | قوشۇلغان ( جاي )، ئۇلانغان ( يەر )، قوشۇما |
| qawït - | قوغلاندى بولماق |
| qawïsh - | ئۇچراشماق |
| qay | كوچا؛ دوقمۇش |
| qayla | كۆكتات، ئوتياش |
| qayïndur - | قايناتماق |
| qayïr ~ qadïr | ۋەھشىي، ياۋۇز |
| qaz | غاز |
| qaz - | قازماق، كولىماق، ياسىماق |
| qaz uyurï | غاز ئۇيۇرى، غاز قانىتى ئوتى |
| qazghan - | قولغا كەلتۇرمەك، ئېرىشمەك |
| qazghanch | تىرىشچانلىق |
| qaghal | تال، چىۋىق |
| qaghïl ~ qaghal | |
| qazghaq | قوزۇق |
| qaghï | قاغىماق، تىللىماق، ئۆچمەنلىك قىلماق |
| qaqadash | قېرىنداش، تۇغقان |
| qaqrul - | قايغۇرماق، غەم قىلماق |
| qaqï - | ① غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق؛ |
| | ② پۇشايمان قىلماق، نادامەت چەكمەك |
| qaqïn - | نادامەت چەكمەك، پۇشايمان قىلماق، |
| | ئۆكۈنمەك، توۋا قىلماق |
| qaqïgh | پۇشايمان، نادامەت |
| qltï | ① . . . ىدا ىدە ـ تا ـ تە؛ |
| | ② ئەگەر، مۇبادا |
| qanta | قانداق، قانداق قىلىپ |
| qod - | ① قويماق؛ ② چۈشمەك |

qodtur - كۆچۈرگۈزمەك

qodruqlugh قۇيرۇقلۇق

qodruqlugh yultuz قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

qodur - باستۇرماق، قۇيدۇرماق

qoduru ① پۈتۈنلەي، تامامەن؛ ② ئېچىنىش

qodï پەس، تۆۋەن

qodïqar - پەسەيمەك، تۆۋەنلىمەك

qodïqartur - پەسلەتكۈزمەك، تۆۋەنلەتكۈزمەك

qol قول

qol - تىلىمەك، سورىماق، قولغا كەلتۈرمەك

qoldamla - قولىنى ھەرىكەتلەندۈرمەك

qolu ① دەۋر، ۋاقىت؛ ② توپ، جامائەت

qolula - ئايدىڭلاشتۇرماق، چوڭقۇر چۈشەنمەك، تەپەككۇر قىلماق

qolulugh ۋاقىتلىق، پەسىللىك

qolun - قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك، تىلىمەك

qolunga بىخ، مايسا

qoltquchï تىلەمچى

qolusuz ① ھېسابسىز، سانسىز؛
② ۋاقىتسىز، زامانسىز، چەكسىز

qon ① قويۇن، كۆكرەك، مەيدە، كۆكسى ـ قارنى؛
② ئارزۇ ـ ئىستەك

qongrul - تەۋرەنمەك، قومۇرۇلماق

qonguz قوڭغۇز

qoor زىيان سېلىش، بۇزۇش

qop كۆپ، ھەممە

qocho قوچو، قەدىمكى تۇرپان

qor زىيان، يوقىتىش

qora - خورىماق، ئازلىماق

qora - خورىماق، ئازلىماق، كېمەيمەك

qorat - پەيدا بولماق، چىقماق، قىلماق

qorshatïl - قورشالماق، مۇھاسىرىگە ئېلىنماق

qorq - قورقماق

qorqïnch قورقۇنۇش

qorqïnïchsïz قورقۇنچسىز

qorqïn - قورقماق

qorqïnchïgh قورقۇش

qorqïnchlïgh قورقۇنچلۇق

qorqït - قورقۇتماق

qosur - قۇتۇلدۇرماق، تارتىۋالماق

qosh قوش، جۈپ

qosh - قوشماق، ئارىلاشتۇرماق، قاتماق

qoshughlugh قوشۇلغان، قوشۇلىدىغان

qotur - قۇترىماق، ئالجىپ قالماق، ساراڭ بولماق

qowuq بوشلۇق، قۇرۇق، كاۋاك

qowït قورشىغان، قوغلىغان

qoyash قۇياش، كۈن

qoyn قوي

qoyun قويۇن

qoyugh ① قاراڭغۇ، تۇتۇق، قېلىن؛ ② باي، سېخىي؛
③ چوڭقۇر؛ ④ قويۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق، تۇتۇقلۇق

qoyuq ~ qowuq

qogh ① ئۇن، پاراشوك، ئۇۋۇندا، ئاتوم

qoghrul - ئازابلانماق، ئۆرتەنمەك

qoghsa - زەئىپلەشمەك

qoghsaq بوش، ھۇرۇن

qoghush - ئۇچراشماق، دىدارلاشماق

qogh qïghmaq زەررە، زەررىچە

ququz كەم، كەمچىل

qua ~ xua

qualan - xualan -

qubïq قۇبىق ( يەتتە خىل گۆھەردىن بىرى )

qudruqlugh ~ qodruqlugh

qudugh قۇدۇق

qul قۇل

qulach غۇلاچ

qulacha غۇلاچلاپ ئۆلچىلىنىدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى

qulghaq قۇلاق

qum قۇم

qumqan قۇمقان ( ئادەم ئىسمى )

qumush قومۇش

qun - بۇلىماق، تالىماق

qunchuy∠Hän. 公主 مەلىكە

quntu - بۇلىماق، ئوغرىلىماق

quch qïchmaq چاڭ ـ توزان

qur قۇر، رەت

qurat - قوراتماق، ئازايتماق

qurla ① رەت، تەرتىپ، تىزىق، قۇر؛
② پەيت، مەزگىل

qursha - قورشىماق
qurt قۇرت
quru - قۇرۇماق
qurugh قۇرۇق
qurghur - ① ئەمەلىيلەشتۈرمەك؛ ② غۇرۇرلانماق؛ ③ ئۇلۇغلانماق
qurï - قۇرۇماق
qush قۇش
qushghach قۇشقاچ
qut قۇت، بەخت
qutad - قۇتلانماق، بەختكە ئېرىشمەك
qutlugh قۇتلۇق، بەختلىك
qutrat - قۇتراتماق
qutrul - قۇتۇلماق، ئازاد بولماق
qutrulghu قۇتۇلغۇ، قۇتۇلۇش، قۇتۇلدۇرۇش
qutsïra - قۇتسىزلانماق، قۇتقا موھتاج بولماق
qutghar - قۇتقۇزماق، قۇتۇلدۇرماق
qutgharsuq قۇتۇلدىغان ( پەيت )
qutghur - ~ qutghar -
qutïlïgh قۇتلۇق
qutïghartur - قۇتراتقۇزماق، قۇتراتقۇلۇق قىلماق، كۈشكۈرتمەك
qutïqï ① تۇۋەن، ئاست؛ ② تۇۋەنكى، ئاستىنقى
quuruq ~ qurugh
quush قۇئۇش ( بىرخىل دەرەخنىڭ نامى )
quwra - ① يىغماق، توپلىماق، بىرلەشتۈرمەك؛ ② يىغىلماق، توپلانماق؛ ③ . . . قىلىشقا تەييارلانماق، . . . قىلماقچى بولماق
quwra - خورىماق، ئازلىماق
quwrat - قورشاتقۇزماق
quwraq ① جامائەت، توپ؛ ② مەجلىس، راھىبلار كېڭىشى
quwraqlïgh جامائەتلىك
quwraqsïz جامائەتسىز، قوۋمسىز
quyugh قۇيۇق، قېلىن، بۆك
quzghun قوزغۇن
qïdïsïz چېكى يوق، چېگراسى يوق، چەكسىز
qïdïgh قىر، بوي، تەرەپ
qïdïghsïz چېگرسىز، قىرسىز، چەكسىز
qïl قىل
qïl - قىلماق
qïldur - قىلدۇرماق
qïlmaqlïgh قىلىنغان، ۋۇجۇدقا چىققان
qïlmaqsïz قىلمايدىغان، قىلىشقا بولمايدىغان
qïlmïsh قىلمىش، قىلىق
qïlghuluq قىلىدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك
qïlïnch ھەرىكەت، ئىش، قىلىق
qïlïnchlïgh قىلىقلىق
qïlïnchsïz قىلىقسىز
qïlïch قىلىچ
qïlïq قىلىق، ھەرىكەت
qïlïqlïgh قىلىقلىق، ھەرىكەتلىك
qïn - ئىزدىمەك، ئارزۇ قىلماق
qïna - قىينىماق، جازالىماق
qïng ئۆچمەنلىك
qïnïgh ① جەسۇر، يۈرەكلىك؛ ② جىددىي ئارزۇ
qïghmuq ئۇۋاق، زەررىچە
qïrtïsh رەڭ، چىراي، ئۆڭ
qïrtïshlïgh رەڭلىك، چىرايلىق
qïrtïshsïz ئۆڭسىز، رەڭسىز
qïrq قىرىق
qïrqïn ① قىز، دېدەك؛ ② ئاراب، جاپا
qïrqïnch قىرىقىنچى
qïrï ئويۇن، تاماشا
qïrïl - قىرىلماق، يوقالماق
qïs قىس، قىسلىق، قىينچىلىق، قىسچىلىق
qïsagh جەبىر، زۇلۇم
qïsqa قىسقا، كالتە
qïsïl جىلغا، ساراي، قىسىل
qïsïghsïz كەڭ، ئازادە
qïsh قىش
qïw قېلىپ
qïwlïgh خەيرلىك، بەختلىك
qïwïrqaq ئاچ كۆز، خەسىس
qïwïrqaqlan - ئاچ كۆزلۈك قىلماق
qïy كوچا، مەھەللە
qïydï جازا، قىيناش
qïyïn قىين، قىيلىنىش
qïyïrghaq تەمەخور، خەسىس

qïyïrghaqlan - خەسسلىك قىلماق، ئاچ كۆزلۈك قىلماق
qïyït قىيىن ـ قىستاق، ئازابلىنىش
qïz ① قىز؛ ② قىزغىن؛ ③ ئىسسىق؛
④ قىس؛ ⑤ ئاچ كۆز، خەسىس
qïznaq قازىناق، ئامبار
qïzsïz قىسسىز، قىس ئەمەس
qïzïl قىزىل
qïzïllïgh قىزىللىق
qïzïl chïntan قىزىل چىنىدان
qïgh قىغ، تېزەك، گەندە
qïqïr - ۋارقىرماق، قىرقىرماق، نالە قىلماق

# Ä

äd بايلىق، مال، نەرسە
ädgär - ① ياخشى كۆرمەك، قوۋلاق سالماق؛
② تۈزەتمەك، ئوڭشىماق
ädgü ئەزگو، ياخشى
ädgü barmïsh
ädgü taluy shabï ئەدگو تالۇي شابى ( ئادەم ئىسمى )
ädgükär -
ädgülän - ياخشىلانماق
ädgülüg ياخشىلىق، ئەزگۈلۈك، ساغلام،
پايدىلىق، ئۈستۈن
ädgün barmïsh ئەدگۈن بارمىش ( ئادەم ئىسمى )
ädgüti ياخشى هالدا، ياخشىلاپ
ädik - ~ idik -
ädkär - ~ ädgär
ädligماللىق، دۇنيالىق
ädlä - ياخشىلىماق، تۈزەتمەك، ئەپلىمەك
ädräm ئەخلاق، پەزىلەت، ئەردەم
ädrämlig ~ ärdämlig
äd tawar مال ـ دۇنيا
ädäd - ~ ätät -
äg - ئەگمەك، بويسۇندۇرماق
ägin ~ äkin
äginsiz
ägir ئىگىر ( دورا ئۆسۈملۈك نامى )
ägir - ئەگىلمەك، ئايلانماق، چۆرگىلىمەك
ägirt - ~ ägirt -
ägri ئەگرى
ägrik ① قاينام، قويۇن؛ ② ياپقۇچ، چۈمپەردە
ägsü - ~ äksü -
äkin
äkir
äksü ئۆكسۈمەك، ئەكچىمەك، ئازلىماق
äksük ① كەم، ئاز؛ ② نۇقسان، كەمچىلىك
äksükmäksiz ئۆكسۈمەيدىغان، ئازلىمايدىغان
äksüksüz نۇقسانسىز، خاتاسىز، كەم ـ كۈتىسىز
äkä ئاچا
äksig ~ äksük
äl - يېقىنلاشماق، كەلمەك
älik ئەللىك
ält - ~ ältin
ältin - ① ئاپارماق، ئېلىپ ئاپارماق، ( قول بىلەن )
يۆتكىمەك، كۆتۈرمەك، قولىدا تۇتماق، ئۆزى بىلەن
بىللە كۆتۈرۈپ ماڭماق؛ ② يېتىلىمەك، باشلىماق؛
③ يۆتكەپ چىقماق، ئېلىپ چىقماق
älä - ئەكەلمەك، ئېلىپ كەلمەك
äm ئەم، داۋا
äm - ئەممەك، شورىماق
ämdimlig ناھايىتى
ämgä - جاپا چەكمەك، ئازاب تارتماق
ämgäk جاپا، ئازاب
ämgäklig ئەمگەكلىك، جاپالىق
ämgäksiz ئەمگەكسىز، جاپاسىز
ämgän - جاپا تارتماق، ئازابلانماق
ämgät - ئازابقا سالماق، جاپا چەكتۈرمەك،
ئەزمەك، قىينىماق
ämig ئەمچەك
ämirtqur - تىنچىتماق، تىنچلاندۇرماق
ämish - ئەممەك، شورىماق
ämlä - داۋالىماق، ساقايتماق
ämril - پەسىيىش، تۆۋەنلەش، تىنچلىنىش
ämti ئەمدى، هازىر
äng ئەڭ
ängilki دەسلەپكى، بۇرۇنقى
ängit - ① ئىگىلمەك، تۆۋەنلىمەك؛
② هەيران قالماق
ängittür - ① ئېگىلدۈرمەك؛ ② هەيران قالدۇرماق
ängräk بارماق، قول

ärmägü هۇرۇن، ئېرىنچەك

ärmäk تۇرمۇش، ئەمەلىيەت، مەۋجۇدىيەت

ärmäksiz ① يوقسۇز؛ ② ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، رېئال بولمىغان

ärmäksiz ärinüksüz هارماي – تالماي، هۇرۇنلۇق قىلماي

ärt - ① ئىشلىمەك، داۋام قىلدۇرماق؛ ② ئۆتمەك، داۋاملاشتۇرماق

ärtinchsiz ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق

ätmäksiz دائىملىق، مەڭگۈلۈك، ئۈزلۈكسىز

ärtä ① ئەتە؛ ② كېيىن

ärtäki . . . گە ئوخشاش

ärtüktäk مەۋجۇدىيەت، ھەقىقىي، مەۋجۇدىيەت

ärtür - قىلدۇرماق

ärän ئەرەن، ئەر

ärü - ئېرىمەك

ärü ئاستا – ئاستا، بارا – بارا

ärük يېرىق، دەز

ärük ïghach مېۋىلىك، دەرەخ

ärüsh كۆپ، ھېسابسىز، سانسىز

äs - ئاقماق، ئۆتمەك

äsin شامال

äsirkä - ئىچ ئاغرىتماق

äsirkänchsiz ① قىلچىمۇ قايغۇرماستىن؛ ② قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن

äsringü ① رەڭلىك، ئالىيېشىل؛ ② خۇش پۇراقلىق، مەززىلىك

ästup∠San. stupa مۇنار، قەبرە

äsän ئامان، ساق، ئامان – ئېسەن

äsängülük ئامانلىق، خاتىرجەملىك

äsük ① ياپقۇچ، مەخپىي، يوشۇرۇن؛ ② يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق

äsüklä - يوشۇرماق، ياپماق

äsükchi (~ äzukchi) ئالدامچى، يالغانچى

äsüksüz (~ äzüksüz) مەخپىيەتسىز، سىرسىز

äsür - مەست بولماق، مەست قىلماق

äshil - قىسقارتىلماق، يىغىلماق، چىڭىتىلماق

äshi - ئېشىتمەك، ئاڭلىماق

äshitigsä - ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولماق، ئاڭلاشنى خالىماق

änätkäk ئەنەتكەك، ھىندىستان

änük كۈچۈك، ئەنۈك

änüklä - كۈچۈكلىمەك

är ① ئەر؛ ② ئىنسان

är - ھۆكۈم ( كېسىم ) ياردەمچى پېئىل

ärdini ئەردىنى، گۆھەر

ärdäm ئەردەم، پەزىلەت

ärgü ئەر، ئەركەك

ärgü ① تۇرالغۇ، يەر، ئۆي؛ ② كۈچلۈك، قۇدرەتلىك

äri - ① ئېرىماق؛ ② ئۆتمەك؛ ③ كەچمەك، راۋان بولماق

ärig ① ھەرىكەت؛ ② نەسىھەت

ärig ärgin قىلىش – ئەتمىش، يۈرۈش – تۇرۇش

äriglä - نەسىھەت قىلماق

ärigmä مەدھىيىلەنگەن، ئالقىشلانغان

ärik كۈچ، قۇدرەت، ئىرادە

ärik tart - ھۆكۈم سۈرمەك، ئىدارە قىلماق

ärikmä ئولتۇرغان

ärik ornagh ئورۇن، جاي

äriksin - كۈچلەنمەك، قۇدرەتلەنمەك

äril - ~ äwril -

ärin كالپۇك

ärinch بىچارە

ärinchäng ~ irinchäk ئېرىنچەك، ھۇرۇن

ärinüksüz ئېرىنمەسلىك، ھۇرۇن قىلماسلىق

ärinüksüz ھۇرۇن ئەمەس، بوشاشماي

ärk ① ئەرك، ئارزۇ؛ ② كۈچ، قۇدرەت، قۇۋۋەت

ärk türk كۈچ – قۇدرەت

ärklig قۇدرەتلىك، كۈچلۈك

ärki . . . مىكى، شۇنداقمىدۇ

ärklig ① قۇدرەتلىك؛ ② ئىلكىدىكى

ärklik ärkly

ärklä - سەرپ قىلماق، ئىشلەتمەك

ärkmäksiz هارماي – تالماي

ärksin - كۈچلەنمەك، قۇدرەت تاپماق

ärksingü ياردەم، قۇۋۋەت

ärkü باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش

ärkülüg ئورۇن، جاي، ماكان، ئائىلىسىگە تەۋە جاي، ئۆي – قورۇغا تەۋە يەر

äshkäk ئېشەك
ät ① ئەت، گۆش؛ ② بەدەن
ätköz ئەتكۆز، كۆز
ätig ~ itig
ätin ئاۋاز، ئۈن
ätinlig ياڭراق، ئاۋازلىق
ätinä - ۋارقىرىماق، گۈركىرىمەك
ätlig ئەتلىك، گۆشلۈك
ätliksiz ئەتسىز، گۆشسىز
ätät - ئەتلەنمەك، كۈچلەنمەك، ياخشىلانماق
ät'öz ئەتئۆز، بەدەن، تەن، ۋۇجۇد
äw ئۆي
äwir - ① تەرجىمە قىلماق، ئۆرۈمەك؛ ② چۆرىدىمەك، ئەگىلمەك؛ ③ ئەۋەتمەك، تەقدىم قىلماق؛ ④ ئالغاچ بارماق، يېتىلمەك
äwit - باسماق، سىقماق
äwril - ① ئەگەشمەك، ئەگىشىپ ماڭماق؛ ② ئايلانماق، چۆرۈلمەك، دەۋر قىلماق؛ ③ بۇزۇلماق، قايرىلماق؛ ④ ۋاز كەچمەك، تانماق، رەت قىلماق
äwrilinchsiz تەۋرىمەسلىك، تەۋرىمەيدىغان، مۇستەھكەم
äwrinchkänchig ھېچ ئىككىلەنمەي
äwrish ① ھەرىكەت، ئىش - ئەمەك، ھال - ھەرىكەت؛ ② ئايلانما، چۆرۈمە، ئەگرى - توقاي
äzrua ∠ Sogh. 'zrw' ئەزرۇئا ( ئىلاھ )
äzük ~ äsük
äzüklä ~ äsüklä
äzüksüz ~ äsüksüz

# Ö

ö - ئويلىماق
öbkä → öwkä
öbkälä → öwkälä
öd ۋاقىت، پەيت
öd qolu ۋاقىت، مەزگىل
ödin زامان، ۋاقىت، چاغ
ödiräk ئۆردەك
ödki زامان، دەۋر
ödlä - ~ ötlä -
ödrül - ① ئايرىلماق، قۇتۇلماق، خالىي بولماق؛ ② تاللانماق، خىللانماق
ödsüz ۋاقىتسىز
ödün چاغ، پەيت، ۋاقىت
ödün turghur - ۋەزىيەت ياراتماق
ödür - ① ئايرىماق، تاللىماق، ئايرىپ چىقماق؛ ② پەرقلەندۈرمەك؛ ③ ئىچى ئۆتمەك، ئىچى سۈرمەك
ödürk پەرق، ئايرىملىق
ög ① ئانا، ئاپا؛ ② ھوش، ئەقىل
ög - مەدھىيىلىمەك، ، ماختىماق
ög - چۈشەنمەك، پەرق ئەتمەك
ögdi مەدھىيە
ögdilig مەدھىيەلىك
ögi دانىشمەن
ögi قارىغۇ ياپىلاق، ھۇۋقۇش
ögin دۆۋە، توپ؛ تولۇق، يۇمىلاق
ögir - خۇشال بولماق، شادلانماق
ögirt - خۇشاللاندۇرماق
ögirttür - خۇشاللاندۇرماق، خۇرسەن قىلدۇرماق
ögit - ئۆگەتمەك، تەربىيىلىمەك
ögli ① ئەقىللىق؛ ② نىيەتلىك، كۆڭۈللۈك
öglit - ئەقىلگە كەلتۈرمەك، ھوشىغا كەلتۈرمەك، ئەقىللىق قىلماق
öglän - ھوشىغا كەلمەك، يېشىلمەك
ögläntür - ھوشىغا كەلتۈرمەك
öglät - ~ üglit -
ögmäk ① ئويلاش، پىكىر قىلىش؛ ② مەدھىيە ئوقۇش؛ ③ ئېزىش، ئۇۋاش
ögrän - ئۆگەنمەك، تىرىشماق
ögränch ئۆگىنىش
ögrät - ئۆگەتمەك، تەلىم بەرمەك
ögrätig ئادەت، بىلىم، تەلىم
ögrätin - ئۆگەنمەك، تەربىيەلەنمەك
ögrätingüchi ئۆگەنگۈچى
ögrünch خۇشاللىق، شادلىق
ögrünchlüg خۇشال، شاد - خۇرام
ögrünchü شادلىق، خۇشاللىق
ögrürttür - خۇشاللاندۇرماق، شادلاندۇرماق
ögsirä - بىھوش بولماق، ھوشىدىن كەتمەك
ögsiz ھوشسىز

ögsürä – ~ ögsirä -
ögsüz – ~ ögsiz
ögä ئالقىش، مەدھىيە
ögä ~ ügä چېۋەر، دانىشمەن، بىلىملىك
ögük قوزام، ساقا ( ئوغۇل بالىلارنىڭ ئەركىلىتىپ ئاتىلىشى )
ögün ~ ögin
ögüz دەريا
ök -لا، - لە
ökli - ئاشماق، كۆپەيمەك
ökün - ئۆكۈنمەك، پۇشايمان قىلماق
ökünch ئۆكۈنۈش، پۇشايمان
ökünchsiz پۇشايمانسىز
öküntür - ئۆكۈنگۈزمەك، پۇشايمان يېگۈزمەك
öküsh كۆپ، نۇرغۇن
öl - ئۆلمەك
ölgäysük ئۆلەي دەپ قالغان، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان
ölmäk ئۆلۈش، ئۆلۈم
ölärg ① سازلىق؛ ② چىمەن ( چىمەنزارلىق ) ،
كىچىك ئوتلاق
öläz قاراڭغۇ، غۇۋا، تۇتۇق
ölüg جەسەت، ئۆلۈك
ölüm ئۆلۈم، ئۆلۈش
ölümchi ئۆلگۈچى، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغۇچى
ölür - ئۆلتۈرمەك
ölürgüchi ئۆلتۈرگۈچى
ölürt - ئۆلتۈرمەك
ölütlä - ئۆلتۈرمەك
ölütchi ئۆلتۈرگۈچى
ömgän بويۇن
önkür ئۆڭكۈر
öng ① ئۆڭ، رەڭ؛ ② ئالد، شەرق؛
③ سەھرا، چۆل
öng körtük ① قار كۆچۈش؛
② خەۋپ – خەتەر، هايات – مامات
öngi ئايرىم، باشقا
öngi öngi خىلمۇ خىل، تۈرلۈك، باشقا – باشقا
öngin ئايرىم، باشقا
önglüg ئۆڭلۈك، رەڭلىك
öngrä بۇرۇن، ئاۋۋال، ئىلگىرى

öngräki ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى، يۇقىرىقى
öngräkin بۇرۇن، بۇرۇنقىدەك
öngräräk ئىلگىرىرەك، بالدۇرراق
öngräsün بۇرۇن، ئىلگىرى
öngsiz رەڭسىز، ئۆڭسىز
öngsüz ~ öngsiz
öngtür - ئالدىغا تارتماق
öngäd – ~ öngät -
öngädinchsiz ~ öngätinchsiz
öngät - ساقايماق، ياخشىلانماق
öngätinchsiz ساقايتقىلى بولمايدىغان، ئوڭشالمايدىغان
öngättür - ئوڭشالدۇرماق، ساقايتماق، ياخشىلانماق
öngül - ئوڭشالماق، ساقايماق
ööch ~ öch
öch ئۆچ، ئۆچمەنلىك
öch - ئۆچمەك، يوقالماق
ögül - تۈگىمەك، ئۆچمەك
öchür - ئۆچۈرمەك
ör - ① چالماق ( مۇزىكا ) ؛
② چىقماق، ئۆرلىمەك، يۈكسەلمەك
örgin ~ örgün
örgän – ~ ögrän -
örgün تەخت
örit - ① تۇرغۇزماق، تىكلىمەك؛ ② ئاشۇرماق،
كۆپەيتمەك؛ ③ تەربىيىلىمەك، يېتىلدۈرمەك، باقماق
örit - ياندۇرماق
örittür - تۇرغۇزماق، تىكلىمەك
örlät - ① قىزىتماق؛ ② غەزەپلەندۈرمەك،
ئاغرىتماق، خاپا قىلماق
örlüt – ~ örlät -
ört ئوت، چوغ
ört - ياپماق، توسماق، ئەتمەك
ört - تۇرغۇزماق، تىكلىمەك، تارقالماق
örtlüg ئوتلۇق، نۇرلۇق، چوغلۇق
örtä - كۆيمەك، ئوت ئالماق، ئۆرتىمەك
örtän - ئۆرتەنمەك، كۆيمەك
örtüg ① يوشۇرۇن، مەخپىي؛ ② ياپقۇچ،
يېپىنچا، داستىخان، پەردە؛ ③ گۇناھ
örtüglüg يوشۇرۇن
örtügsüz گۇناھسىز

örtügün مەخپىي، ئوغرىلىقچە، جىمغىنا، تۇيدۇرماي، غىپپىدە
örtüklüg يېپىق
örtül - يېپىۋالماق، يوشۇرۇنماق
örtür - ئۆرلەتمەك، چىقارماق
örä يۇقىرى ئۈست، ئۆرە، تىك
örä tart - ئۈستىگە تارتماق، قۇتقازماق
örü ~ örä
örüg مەڭگۈ، ئەبەدىي
örük ~ ärük
örüki ئۈستۈنكى، ئالىي، يۈكسەك
ös - ئۆسمەك
östäl - ئۆسمەك، ئاشماق
ösän ئىچ، دالدا، خىلۋەت
öshün ئۆشنە
öt نەسىھەت، كۆرسەتمەك
öt - ئۆتمەك، ئۆتكۈزمەك
ötinch ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس، تەلەپ
ötkün -
ötkür - ① ئۆتكۈزمەك؛ ② ئىچ سۈرمەك، قورساقنى ئاغرىتماق، تەرەتكە ئالدىراتماق
ötkür - ① ئۆتكۈزمەك، يېتەكلىمەك، باشلىماق؛ ② ئەۋەتمەك، سۇنماق، يوللىماق؛ ③ ئىزاھلىماق، چۈشەندۈرمەك، بايان قىلماق، تەبىر بەرمەك؛ ④ پىششىق بىلمەك
ötkür - خاپا بولماق، كىرمەك
ötkürü ئارقىلىق، نەتىجىدە، تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا
ötla نەسىھەت قىلماق، ئۆگەتمەك، دەۋەت قىلماق
ötli ئاقىۋەت، نەتىجە
ötrü ئاندىن كېيىن، كېيىن
ötäg ① پەرھىز، قەرز، مەجبۇرىيەت؛ ② ئۆتۈنۈش، ئەپۇ سوراش
ötäglä - پەرھىزنى ئادا قىلماق، بۇرچىنى ئۆتىمەك
ötügchi ئۆتۈنگۈچى، تىلىگۈچى
ötük دۇئا، تىلەك، ئارزۇ، ئىستەك
ötün - ئۆتۈنمەك
ötür قالايمىقانچىلىق، يىقىلىش، ئۆرۈلۈش، ئىچ سۈرۈك، كېسەل بولۇش
ötür - ① تەشمەك، تۆشۈك ئاچماق، ئويماق؛ ② قارىماق

ötür - ~ adïr
öwkä ① ئۆپكە؛ ② غەزەپ، ئاچچىق
öwkälä - غەزەپكە كەلمەك، ئاچچىقلانماق
öwkälän - غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق
öwkächi ئاچچىقى يامان، سەپرا مىجەز
öwkäsiz ئاچچىقى يوق، سەپرا ئەمەس
ööch ~ öch
öy - ئويلىماق، ئەسلىمەك
öz ئۆز
özgan ياخشىلىققا مايىل، خاسىيەتلىك
özgä باشقا
özgän ئۆزگىرىشچان، نورمالسىز
özik جانە، ئۆز
özintä ۋۇجۇد، ۋۇجۇد بىلەن، ۋۇجۇدلۇق
özläntür - يۈزلەندۈرمەك، قاراتماق
özlüg جانلىق، جانىۋار
özä ئۆز، ئۆزى
özäki ئۆز، جان
özük روھ، جان

## Ü

ük - يىغماق، توپلىماق
ükli - كۆپەيمەك، ئاشماق
üklit - كۆپەيتمەك، ئاشۇرماق
üklitür - كۆپەيتتۈرمەك
ükish ~ öküsh
ülgü ① ئۆلچەم؛ ② ھەسسە، ئۈلۈش
ülgü täng tut - ئۈلگە قىلماق
ülgülä - ئۆلچىمەك، تەڭلەشتۈرمەك
ülgülänchsiz ئۆلچىگۈسىز، بۈيۈك، چوڭ
ülgülüg چەكلىك
ülgüsüz چەكسىز، مەڭگۈ، سانسىز
üläng قىچا ئۇرۇقى
üläsi ئوخشاش
ülüg نېسىپ، ئۈلۈش
ülüglüg ~ ülüklüg
ülüklüg بەختلىك، تەلەيلىك
ülüsh ئۈلۈش، بۆلەك، بۆلۈم، ھەسسە
ülüshlüg بۆلەكلىك، بۆلۈملۈك

üslünchü ناھايىتى، ئەڭ ئاخىرقى، ئاخىرقى
üstin ~ üstün
üstäl - ئۆسمەك، ئاشماق
üstämäk كۆپىيىش، ئاشۇرۇش
üstün ئۈستۈن، يۇقىرى
üstünki يۇكسەك، يۇقىرى، ئۈستۈن
üstürti ئۈستىدىن، تۆپىدىن
üstürti يۇقىرى، ئېگىز
üsüksüz ئۈزلۈكسىز، توختىماق، توختالماق
üüzä ~ üzä
üwis - بوردالماق، تولماق، تىقىلماق
üyür دان، يەم، خەشەك
üz ~ öz
üz - ئۈزمەك، ئۈزۈپ ئالماق
üz büz نەپرەت، ئۆچمەنلىك
üzik خەت، يېزىق، ھەرپ
üzlänchü ئاخىردا، كېيىن
üzlünchü ~ üzlünchü
üzläntür - ئۈزۈلدۈرمەك، ئاخىرلاشتۇرماق
üzlünchü ئاخىرقى، قالدۇق، توختاپ - توختاپ
üzlünchülüg ئاخىرلاشقان، تاماملانغان
üzmälä - يۇلۇپ ئالماق، تارتماق، چىقارماق
üzmälägülük ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان
üzä بىلەن، ئۈستىدە، ئارقىلىق
üzäk ئۈستۈنكى، ئۈستىدىكى، يۇقىرىقى
üzäliksiz ① ئەڭ ئۈستۈنكى، ئەڭ يۇكسەك؛
② ئۈزۈلدۈرمەي، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز، دائىم
üzüksüz ئۈزۈلمەي، ئۈزلۈكسىز
üzäl - ئۈستىگە چىقماق، يۇكسەلمەك، ئەۋجىگە چىقماق
üzäliksiz تەڭداشسىز
üzän ① ئىچى، ئىچكى قىسمى؛
② ئىنچىكە، ئەستايىدىل
üzülmämäki ئۈزۈلمەستىن
üzütlüg روھىي، ھېسسىي

## Ï

ï دەرەخ، ياغاچ
ïd - ئەۋەتمەك
ïdala - ۋاز كەچمەك، تەقدىم قىلماق

ün ئۈن، ئاۋاز
ün - ① ئۈنمەك؛ ② چىقماق، پەيدا بولماق
üngür
ünlüg ئۈنلۈك
ünttürdächi ئويغاتقۇچى
üntä - چاقىرماق، ئۈندىمەك
üntür - ئۈندۈرمەك، بارلىققا كەلتۈرمەك،
ۋۇجۇدقا چىقارماق
ünüsh ئۈنۈش
ünüshlüg ئۈنۈملۈك
üch ئۈچ
üch bolmaq ئۈچ بولۇش
üch ät'öz ئۈچ ئەتئۆز
üch ödgi ئۈچ زامان
üchkäk قىساسخور، ئاداۋەتخور
üchägü ئۈچى، ئۈچەيلەن
üchär ئۈچەيلەن، ئۈچچە
üchün ئۈچۈن
üchünch ئۈچىنچى
ür ئۇزۇن زامان، ئۇزاق ۋاقىت
ür - ھۇۋلىماق، قاۋىماق
ür kich ئۇزاققىچە، دائىم
ürk - ئۈركۈمەك، چۆچۈمەك
ürkit - ئۈركۈتمەك، قورقۇتماق
ürlüg ① دائىم، مەڭگۈ، ئۈزلۈكسىز، ئۇزۇن،
مۇددەت، ئاخىرغىچە؛ ② مۇقىم، تۇراقلىق،
تۇرغۇن، ئۆزگەرمەس
ürlüglügchä ھېمىشە
ürlügsüz ① ۋاقىتلىق، قەرەللىك؛
② تۇراقسىز، پانىي، ئۆتكۈنچى
ürük ئۆرۈك
ürük ئۇزاق، داۋاملىق
ürük amul تىنچ، خاتىرجەم
ürük chächäki ئۆرۈك چېچىكى
ürük ozatï دائىم، ئۇزۇن مۇددەت، ئۇزاق ۋاقىت، ئۇزاققىچە
ürük ürküt ئۇزاققىچە، ئۇزاق، مەڭگۈلۈك
ürüm دورا - دەرمەك
üsk ~ üsük
üskin ئالد، ئۈست

ïduq — مۇقەددەس، مەڭگۈلۈك

ïlïqdur - — بۇلغاتماق

ïnan - — ئىشەنمەك، تايانماق

ïnanch — ئىنانچ، ۋەزىر

ïnaru — ئىلگىرى، ... دىن باشقا، ... دىن ئېتىبارەن

ïnaru bärü — ئۇيان، بۇيان، ھەريەر

ïnagh — ئىناق، ئىتتىپاق، ئىشەنچ

ïnaghsïz — ئىشەنچسىز

ïngray — مەجرۇھ

ïnïnan — ئىشەنچلىك

ïnchïqla - — ئىنجىقلىماق

ïchan - — ئېھتىيات قىلماق، كۆڭۈل قويماق، دىققەت قىلماق

ïr — چوڭ، بۈيۈك

ïra - — يىراقلىماق، ئايرىلماق

ïraghal - — ئىرغىلماق، ئىرغاڭلىماق

ïraq — يىراق

ïrat - — يىراقلاشتۇرماق، يوقاتماق

ïrghal - — ئىرغىتىلماق، سىلكىنمەك، ئىرغىتماق

ïsla - — ئىسلىماق، ئىسرىق سالماق

ïslat - — ئىسلاتماق، ئىسرىق سالدۇرماق

ïslaghu — ئىسرىقلىق

ïsh — ئىش

ïshsïz — ئىشسىز

ïsïrqa it - — چاتماق، چىشلىمەك

ïghach — دەرەخ، ياغاچ

ïqyangïisman tärim — ئىقياڭى ئىسمان تەرىم ( ئادەم ئىسمى )

# ئىزاھات

« ئىزاھات » قىسمىدا ئاساسەن « ئالتۇن يارۇق » نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى چۈشىنىش ئاساس قىلىندى . كونكرېت ئېيتقاندا ، تۆۋەندىكى دائىرە ئىچىدىكى سۆز ۋە ئىبارىلەرگە ئىزاھ بېرىلدى :

1) كەڭ كىتابخانلارغا تازا تونۇشلۇق بولمىغان بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى ؛

2 ) بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك يەر ـ جاي ناملىرى ، بۇرخان ۋە ئىلاھ ناملىرى ؛

3 ) باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە ئىزاھلاش زۆرۈر تېپىلغان سۆزلەر ( « سۆزلۈك » قىسمىدا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ئىزاھلانغانلىقى ئۈچۈن ، « ئىزاھ » قىسمىدا پەقەت ئىزاھلاش زۆرۈر بولغانلىرىلا ئىزاھلاندى ) ؛

4 ) تەرجىمىگە دائىر بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ؛

5 ) ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز بولسىمۇ ، لېكىن مەنە ۋە قۇرۇلمىسى ئالاھىدە بولغان سۆز ياكى ئىبارىلەر ؛

6 ) ھازىرغىچە مەنىسى ۋە مەنبەسى ئېنىق بولمىغان سۆز ياكى ئىبارىلەر .

« ئالتۇن يارۇق » نىڭ ترانسكرىپسىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر ، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيە قىسمىدا ھاشىيىدە بېرىلدى .

① ئۇماقۇڭ ـ ئەسلىي تېكىستتە uma qung ( uma hung دەپمۇ ترانسكرىپسىيە قىلىش مۇمكىن ) دەپ يېزىلغان ، بۇ زاڭزۇچە ئىبارە بولۇپ « ياخشى ، ئوبدان » دېگەن مەنىدە .

② كىرىش بۆلۈم ـ ئەسلىي تېكىستتە süü دەپ يېزىلغان . süü خەنزۇ تىلىدىكى 序 سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، « مۇقەددىمە ، كىرىش » دېگەن مەنىدە süü نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭدىشى yükünch كىرىش .

③④⑤⑥ نامو بۇددايا ، نامو دارمايا ، نامو ساڭگايا ـ بۇددا دىنى ئادەت سۆزى . بۇ ئىبارىدىكى « نامو » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى namo ( ھۆرمەتلەش ، قەدىرلەش ) ، « بۇددايا » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى buddhāya ( بۇت ، بۇرخان ) ، « دارمايا » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى dharmāya ( ئەقىدە ) ، « ساڭگايا » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى sanghāya ( راھىپ ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . پۈتكۈل ئىبارىنىڭ مەنىسى « بۇدداغا ھۆرمەت قىلايلى ، بۇددىزم ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلايلى ، راھىبلارغا ھۆرمەت قىلايلى » بولۇپ ، « بۇددايا ، دارمايا ، ساڭگايا » بۇ ئۈچى بۇددا دىنىدا « ئۈچ گۆھەر ( قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا üch ärdini ، خەنزۇ تىلىدا 三宝 ) » دېيىلىدۇ . بۇددا نومىلىرى ئادەتتە مۇشۇ ئىبارىنى ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ .

⑦ نوم ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سوغدى تىلىدىكى nwm سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى بۇددىزىم تېكىستلىرىدە ① بۇددىزم كىتابى ② بۇددىزم قانۇنى ③ قائىدە ـ يوسۇن ④ ئەقىدە قاتارلىق مەنىلەردە كۆرۈلىدۇ . تەرجىمىدە بىز كۆپىنچە « نوم » دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق .

⑧ ئەردىنى ـ بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى ratna ( گۆھەر ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز ärdini ، ärdäni دېگەن شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ .

⑨ توين ـ بۇ سۆز ئەسلى خەنزۇ تىلىدىكى 道人 ( قەدىمكى خەنزۇلار ئارىسىدا تارقالغان « 道教 دىنىنىڭ ئۇستازلىرى » دېگەن مەنىدە ) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى . قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە بۇ سۆز بۇددىزىم دىنى راھىبلىرىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ . تەرجىمىدە بىز بەزىدە « توين » دەپ ، بەزىدە « راھىب » دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق .

⑩ شامنانچ ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سوغدى تىلىدىكى šmn’nch ( راھىبە ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . « ئالتۇن يارۇق » تېكىستىدە بۇ سۆز shamanq ، shamananq ، shimnanq قاتارلىق شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ .

⑪ ⑫ ئۇپاسى ، ئۇپاسانچ ـ « ئۇپاسى » سوغدى تىلىدىكى wp’sy دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئۈچ ئەردىنىگە ، ( يەنى بۇدداغا ، بۇددا نومىغا ، راھىبلارغا چوقۇنىدىغان ) ، بۇددىزمنىڭ « بەش پەرھىز » نى قوبۇل قىلغان ، لېكىن تېخى راھىبلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئەر مۇرىتلارنى كۆرسىتىدۇ . « ئۇپاسانچ » بولسا ، سوغدى تىلىدىكى wp’s’nch’ تىن كەلگەن بولۇپ ، يۇقىرىقى شەرت ئاستىدىكى ئايال بۇددا مۇرىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

⑬ تۆگەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ـ بۇرخانىنىڭ ئۇلۇغلاپ ئاتىلىشى بولۇپ ، « دانىشمەن-لىككە تولغان تەڭرىلەر ئىچىدىكى تەڭرى بۇرخان » ياكى « ھەممىگە قادىر تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان » دېگەن مەنىدە .

⑭ ⑮ ئاسانكى نايۇت ـ « ئاسانكى » سانسكرىت تىلىدىكى asamkhyeya ( چەكسىز ۋاقىت ) دېگەن سۆزدىن ، « نايۇت » سانسكرىت تىلىدىكى nayuta ( ھېسابسىز ، سانسىز ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇ ئىككى سۆز مەنىداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ ، « سانسىز ۋاقىت ، ھېسابسىز دەۋر » دېگەن مەنىنى بېرىدۇ . بۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭدىشى sansïz saqïshsïz ( سانسىز ـ ھېسابسىز ) .

⑯ نىرۋان ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى nirvana دىن كەلگەن . بۇددا تەلىماتىدا ، ئۇ بۇددىستلار بارلىق پەرھىز ـ تىرىشچانلىقنى ئورۇنلاش ئارقىلىق يېتىدىغان ئەڭ ئالىي غايە ياكى ئۆ-لۈش ـ تۇغۇلۇشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن خالىي غايىۋى مەنزىل دەپ قارىلىدۇ . خەنزۇچىدە 涅槃 دېيىلىدۇ .

⑰ تاۋغاچ ئېلى ـ كونتېكىستتە تاڭ سۇلالىسى ( 618 ـ 907 ـ يىللار ) نى كۆرسىتىدۇ .

⑱ تەڭرى تاۋغاچ خان ـ تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ ( 高宗 ) خانىنى كۆرسەتسە كېرەك .

⑲ گىتسو ـ « ئالتۇن يارۇق » نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە ئاپتورى يى جىڭ ( 义净 ) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى . يى جىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق راھىب ۋە ساياھەتچى ، كاتتا تەرجىمان « كىرىش بۆلۈم » ۋە باشقا مەنبەلەردىن ئېنىقكى ، ئۇ تەڭرى تاۋغاچ خان دەۋرىدە ، يەنى مىلادىيە 671 ـ يىلى جەنۇبتىكى سۇ يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان ، ئالدى ـ كەينى بولۇپ 20 يىل ئىچىدە 30 دىن

ئارتۇق ئەل ـ ئايماقلارنى كەزگەن . « ئالتۇن يارۇق » قاتارلىق 239 تۈپلەم نوم ـ سۇترانى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان . مىلادىيە 695 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ يەنە « ئۇلۇغ تاڭ راھىب كالانىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

⑳ ساماتسو ( سامىتسو ) ئاتلىق ئاچارى ـ گىتسو ( يى جىڭ ) نىڭ ئۇلۇغلاپ ئاتىلىشى . بۇ ئىبارىدىكى « ساماتسو » خەنزۇ تىلىدىكى 三藏 دىن كەلگەن . 三藏 بۇددا كلاسسىكلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ ، نوم ( سانسكرىتچىسى sūtrapitaka ، خەنزۇچىسى 经藏 ) ، بۇددا قائىدە ـ نىزامى ( سانسكرىتچىسى vinayapitaka ، خەنزۇچىسى 律藏 ) ، مۇھاكىمە ۋە بايان ( سانسكرىتچىسى abhidharmapitaka خەنزۇچىسى 论藏 ) نى كۆرسىتىدۇ . « ئاچارى » سانسكرىت تىلىدىكى ācārya ( ئۇستاز ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . خەنزۇچە بۇددا نوملىرىدا نوم ، بۇددا قائىدە ـ نىزاملىرى ، مۇھاكىمە ۋە بايانىنى بىلىدىغانلار 三藏法师 دەپ ئاتالسا ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە « ساماتسو ئاچارى » دەپ ئاتالغان . « ساماتسو ئاتلىق ئاچارى » دېمەكلىك بۇددا نومى ، بۇددا قائىدە ـ نىزاملىرى ، مۇھاكىمە ۋە بايانىنى تولۇق بىلىدىغان ئۇستاز دېگەنلىكتۇر .

㉑ ئەنەتكەك ـ سوغدى تىلىدىكى yntk'k' * دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ، ھىندىستانىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى .

㉒ بەش يول ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . ئۇ دوزاخ ، جىن ـ ئالۋاستى ، ھايۋان ، ئىنسان ۋە تەڭرىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچە نوملاردا 五道 ياكى 五趣 دېيىلىدۇ .

㉓ ئىنانچ ـ « ۋەزىر ، ئەمەلدار » دېگەن مەنىدە بولۇپ ، كۆپىنچە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدۇ .

㉔ كشانتى ـ ئەسلىي تېكىستتە kshanti دەپ يېزىلغان . بۇ سۆز يەنە kishanti، kashanti شەكلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ . « كشانتى » سانسكرىت تىلىدىكى ksanti ( تۇۋا قىلىش ، گۇناھىنى يۇيۇش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇنىڭ پېئىل شەكلى كشانتى قىل .

㉕ بەش ئەقىدە ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . ئەسلىي تېكىستتە bish chahshapit دەپ يېزىلغان . بۇ بىرىكمىدىكى chahshapit سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى siksapada ئەقىدە ، پەرھىز دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بەش ئەقىدە گۇناھسىز بولۇش ، ۋۇجۇد پاكلىقى ، ئىبغىز پاكلىقى ، يامان ئىش قىلماسلىق ، شاد يوقسۇل بولۇشنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچە 五戒 دېيىلىدۇ .

㉖ ئون پەرھىز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . ئەسلىي تېكىستتە on karmapt دەپ يېزىلغان . بۇ ئاتالغۇدىكى karmapts سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى karmapatha ( پەرھىز ، ئىش يولى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئون پەرھىز ① تىنلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ② ئوغرىلىق قىلماسلىق ③ زىنا قىلماسلىق ④باشقىلارغا بەتنام چاپلىماسلىق ⑤ ھاراق ـ شاراب ئىچمەسلىك ⑥ يالغان سۆزلىمەسلىك ⑦ زاڭلىق ـ مەسخىرىدىن خالىي بولۇش ⑧ ھەسەت قىلماسلىق ⑨ ئاچچىقلانماسلىق ⑩ خاتا خىياللاردا بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ .

㉗ سانسار ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، سانسكرىت تىلىدىكى samsāra ( ئايلىنىش ، قاينام ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇددا دىنىدا ، بۇ دۇنيا ھايات ـ ماماتلىق ئازاب دېڭىزى دەپ قارىلىدۇ . سانسار ئەنە شۇ ھايات ـ ماماتلىق ئازاب دېڭىزىنىڭ نامىدۇر . خەنزۇچە 轮回 دېيىلىدۇ .

㉘ ئۈچ زامان ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، ئەسلى تېكىستتە üq ödki دەپ يېزىلغان . ئۇ هازىرقى زامان ، ئۆتكەن زامان ، كېلىدىغان زاماننى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 三世 دېيىلىدۇ .

㉙ ئۈچ ئەتئۆز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، ئۇ بۇددانىڭ ئۈچ خىل تەن ـ تۇرقىغا ، يەنى ئوبرازىغا قارىتىلغان . بۇددا دىنىدا ، بۇددالار تىنىلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەندە ئۈچ خىل تەن ـ تۇرقنىڭ مەلۇم بىرىدە تۇرۇپ جانلىقلارغا كۆرۈنىدۇ ، دېيىلىدۇ . بۇددالارنىڭ مانا مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ خىل تۇرق ـ قىياپىتى « ئۈچ ئەتئۆز » دېيىلىدۇ . ئۈچ ئەتئۆز تۆۋەندىكىچە : ① بەلگۈرتمە ئەتئۆز ② تۆش ئەتئۆز ③ نوملۇق ئەتئۆز . خەنزۇچىدە 三身 دېيىلىدۇ .

㉚ بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق ـ ئەسلى تېكىستتە bish chobdik دەپ يېزىلغان . سانسكرىتچىدە panca kasāyāh، خەنزۇچىدە 五濁 دېيىلىدۇ.

㉛ ئون تۈرلۈك پرامىت ( ~ پرامىت ) ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئەسلى تېكىستتە on türlüg pramit دەپ يېزىلغان . بۇ ئاتالغۇدىكى pramit سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى pramita ( پەرھىز ، چەكلەنگەن ئىش ـ هەرىكەت ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئون تۈرلۈك پرامىت تۆۋەندىكىچە : ① تىنىلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ②ئوغرىلىق قىلماسلىق ③ زىنا قىلماسلىق ④ باشقىلارنى مەسخىرە قىلماسلىق ⑤ هاراق ـ شاراب ئىچمەسلىك ⑥ زىبۇ زىننەتلەرگە بېرىلمەسلىك ⑦ ناخشا ئاڭلىماسلىق ۋە ئۇسسۇل ئوينىماسلىق ⑧ هەشەمەتلىك كارىۋاتتا ياتماسلىق ⑨ چەكلەنگەن تائاملارنى يېمەسلىك ⑩ مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىك . خەنزۇچە 十戒دېيىلىدۇ .

㉜ تۆت تۇغۇلۇش ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئەسلى تېكىستتە tort toghum دەپ يېزىلغان . ئۇ تۇخۇمدىن تۇغۇلۇش ، قورساقتىن تۇغۇلۇش ، نەملىكتىن تۇغۇلۇش ، مەۋھۇملۇقتىن تۇغۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 四生 دېيىلىدۇ .

㉝ ئالتە يول : بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . بۇددا دىنىدا ، تىنىلىقلار هايات ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلىرىغا ئاساسەن ئالتە قېتىم ( بەش قېتىم دېيىشمۇ بار ) تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ . ئالتە يول يۇقىرىدىكى ئالتە پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 六道 ياكى 五道، 五趣 دېيىلىدۇ .

㉞ مايترى ( ~ مائىترى ) ـ بۇرخان نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى maitreya ( مېھرىبان ، شەپقەتلىك ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . مائىترى ـ بۇددىستلارنىڭ نەزىرىدە كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇرخان بولۇپ ، ئېيتىلىشچە ، ئۇ ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە مۇھىم بىرى ئىكەن . ساكيامۇنى ئۇنى تۇچىتا دېگەن جايدا كۆرۈپ 5000 يىلدىن كېيىن ئۇنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنمىش . ئۇ بارلىق بۇددىستلار تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى بۇرخان دېيىلىدۇ .

㉟ سادۇ ـ سانسكرىت تىلىدىكى sadhu ( ياخشى ، ئوبدان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭدىشى ädgü ( ياخشى ، ئەزگۇ ) .

㊱ لىغسۇ ـ زاڭزۇ تىلىدىكى legs-so ( ياخشى ، ئوبدان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن .

㊲ ديان ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى dhyāna سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ « سۈكۈتتە تۇرۇپ خىيال قىلىش ، يامانلىقتىن ۋاز كېچىش ، ساۋاب ئورمانلىقى » دېگەن مەنىدە .

㊳ ساكيامۇنى ـ بۇرخان نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى sākyamuni ساكىلارنىڭ ئەۋلىياسى دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى siddhartha ( سىدارتا ) بولۇپ ، قەدىمكى ھىندىستاندىكى پادىشاھ سۇتۇداننىڭ شاھزادىسى . كېيىن ئۇ بۇددا دىنىنى ئىجاد قىلغان ، ساكيامۇنى ئۇنىڭ ئۇلۇغلاپ ئاتىلىشى .

㊴ گارتراكۇت ـ سانسكرىت تىلىدىكى grdhrakuta دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ قەدىمكى ھىندىستاندىكى بىر تاغنىڭ نامى . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ساكيامۇنى مۇشۇ تاغدا كۆپ يىل تۇرۇپ دىن تارقاتقانمىش . شۇڭا بۇددا دىنىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەر بۇ تاغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

㊵ سەككىز بۆلەك توپ ـ جامائەت ـ بۇددا دىنىدىكى ئىلاھلار جامائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى . بۇ سەككىز توپ ـ جامائەت تۆۋەندىكىچە : ① تەڭرىلەر جامائىتى ② ئەجدىھالار جامائىتى ③ ياكشالار جامائىتى ④گاندارۋىلار جامائىتى ⑤ ئاسۇرىلار جامائىتى ⑥ گارۇدىلار جامائىتى ⑦ كىنارىلەر جامائىتى ⑧ ماھوراگىلار جامائىتى . بۇلارنىڭ ئىچىدە تەڭرىلەر جامائىتى بىلەن ئەجدىھالار جامائىتىنىڭ سېھرىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈكمىش . خەنزۇچىدە 八部众 دېيىلىدۇ .

㊶ ياكشا ـ ئىلاھ نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى yaksa سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، « ئالۋاستىلار ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچى » دېگەن مەنىدە . ياكشا ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى يېرىم ئىلاھ بولغان كىچىك ئىلاھلار جامائىتىنى كۆرسىتىدۇ .

㊷ تۆت بۇرخان ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، تۆت تەرەپتىكى تۆت بۇرخاننى ، يەنى شەرقتىكى پۇراقلىق دۇنيانىڭ بۇرخانى ئاكشۇبۇيا ، جەنۇبتىكى شادلىق دۇنياسىنىڭ بۇرخانى گۆھەر كۆرۈملۈك بۇرخان ، غەربتىكى كۆڭۈللۈك دۇنيا بۇرخانى ئامىتابا ، شىمالدىكى نىلۇپەر گۈللۈك دۇنيانىڭ نازۇك ئۈنلۈك بۇرخانىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 四佛 دېيىلىدۇ .

㊸ سۇدۇر ( سۇتۇر ) ـ سانسكرىت تىلىدىكى sutra سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ ، بۇددانىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى « سۇدۇر » دېيىلىدۇ .

㊹ تۆت ماھاراج ـ ئەسلىي تېكىستتە tört maharanch دەپ يېزىلغان . « ماھاراج » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى maharaja ( ئۇلۇغ خان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . « تۆت ماھاراج » بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئاسمان پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 四大天王 دېيىلىدۇ .

㊺ تارماتان ـ بۇ سۆز سانسكرىتچە dharmadhana دېگەن سۆزدىن كەلگەندەك قىلىدۇ ، مەنىسىنى ھازىرغىچە ئېنىقلىيالمىدۇق .

㊻ پراتىئا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، سانسكرىت تىلىدىكى pratigha ( كۆزنى چوڭ ئېچىپ قاراش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ ئۈچ زەھەرنىڭ بىرى ، ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت سالىدىغان كۆڭۈلنىڭ ئاساسى دېيىلىدۇ .

㊼ ئون توققۇز گاندارۋى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « گاندارۋى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى gandharva ( خۇش پۇراق ئىزدىگۈچى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، سەككىز بۆلەك توپ ـ جامائەتنىڭ تۆتىنچىسىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ . گاندارۋىلار جامائىتىدىكى ئىلاھلارنىڭ سانىغا

قارىتا ئوخشاشمىغان شەرھىيلەر بار ، بەزى مەلۇماتلاردا 27 ئىلاھ بار دېيىلسە ، يەنە بەزى مەلۇماتلاردا 6333 ئىلاھ بار دېيىلىدۇ . « ئالتۇن يارۇق » تا 19 بار دېيىلگەن . « ئالتۇن يارۇق » نىڭ 173 ـ بەت 12 ـ قۇردىن 174 ـ بەت 5 ـ قۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن بۇ 19 گانداۋرلارنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە : ① ئامىتا ئايۇسى ② ۋىچا يابرابى ③ كىنابرابى ④ كۇنابرابى ⑤ ئاكسۇبى ⑥ سىنكابراباشى ⑦ تاسابرابى ⑧ رادارگگارى ⑨ براباگگارى ⑩ بۇرانبرابى ⑪ سامانتابرابى ⑫ سوۋاستىكى ⑬ كالىنانشىرى ⑭ ئالاگگاركالاۋى ⑮ دارمائۇتارى ⑯ درمادىۋاچى ⑰ سۇبراۋى ⑱ راچابرابى ⑲ ئۇدارانىدى . گانداۋرى خەنزۇچىدە 乾达婆 دېيىلىدۇ .

㊽ ئەجدىھا خانى ـ بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىدىغان ، ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا ، بۇلۇت پەيدا قىلىپ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان ، تىنلىقلار كۆڭلىدىكى نىزۋانلارنى يوقىتالايدىغان ئەجدىھا خانىنى كۆرسىتىدۇ .

㊾ كۇمبانتى ـ سانسكرىت تىلىدىكى kumbahānda سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، يامان غەرەزلىك جىن ـ ئالۋاستىلار توپىنى كۆرسىتىدۇ . بەزىدە « راكشاس » بىلەن تەڭ مەنىدە قوللىنىلىدۇ .

㊿ ۋايشىراۋانى ـ سانسكرىت تىلىدىكى vaisravana دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئاسمان ئىلاھىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى . ئۇ شىمالنىڭ مۇھاپىزەتچىسى دېيىلىدۇ .

(51) (52) 28 ـ بەت 21 ـ ، 22 ـ قۇردىكى kuha بىلەن wsdana ئارىلىقىدىكى بىر قانچە ھەرپ ئەسلى تېكىستتە ئۆچۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلىيالمىدۇق .

(53) ئەستۇپ ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى stūpa ( روھ مۇنارى ؛ ئېگىز ئورۇن ؛ پەزىلەت توپلانمىسى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇ سۆز دەسلەپتە جەسەت كۆمۈلگەن گۆرنىڭ ئۈستىگە توپا ، تاش قاتارلىقلاردىن چىقىرىلغان قۇرۇلۇشنى كۆرستەتتى ، كېيىن رەسمىي ياسالغان مۇنارنى كۆرسىتىدىغان بولغان . بۇددا دىنىدا راھىبلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆلىمالار قازا قىلسا ، ئۇلارنىڭ جەسەت كۆلىنى دەرىجىسىگە ئاساسەن مۇنارنىڭ مەلۇم قەۋىتىگە قويۇش بەلگىلەنگەن . ئەستۇپ راھىپلارنىڭ ئەنە شۇ جەسەت كۆلى قويۇلىدىغان مۇنارنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى 窣堵波 دېيىلىدۇ .

(54) شىشنى ـ ئەسلىي تېكىستتە shishini دەپ يېزىلغان ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسىنى ھازىرچە ئېنىقلىيالمىغاچقا ، تەرجىمىدە « شىشنى » دەپ ئەينەن ئېلىپ قويدۇق .

(55) بايان ـ ئەسلىي تېكىستتە bayan دەپ يېزىلغان ، كونتېكىستكە ئاساسلانغاندا ، « چىراي ، بەست ، ۋۇجۇد » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغاندەك قىلىدۇ ، لېكىن لۇغەت ئاساسىمىز بولمىغاچقا تەرجىمىدە « بايان » دەپ ئەينەن ئالدۇق .

(56) لۇمبىناۋان ـ بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىدىغان مۇقەددەس ئورۇن ( باغ ) نىڭ نامى . ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى lumbini ( تۈز ، ئوماق ، سۆيۈملۈك ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى ماھامايا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ، لۇمبىناۋانغا كەلگەندە ساكيامۇنىنى تۇغقانىكەن . لۇمبىناۋان ھازىرقى نېپال تېررىتورىيىسى تەۋەلىكىدە . خەنزۇچە 蓝毗尼 دېيىلىدۇ .

(57) كاپىلاۋاسىدۇ ( ~ كاپىلاۋاستۇ ) ـ بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىدىغان مۇقەددەس شەھەر نامى

سانسكرىت تىلىدىكى kapilavastu ( ياخشى پەزىلەتلىكلەرگە خاس شەھەر ، سېرىق باشلىقلار تۇرىدىغان ئورۇن ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ، VI ئەسىرلەردە بۇ يەردە شاكى ( ـ ساكى ) ئۇرۇقى ئورۇنلاشقان . بۇ شەھەر ھازىر نېپال تەۋەلىكىدە . خەنزۇچە 毗罗卫 دېيىلىدۇ .

⑱ كولتى ـ ساناق سان ، سانسكرىت تىلىدىكى koti ( ئون مىليون ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزىم تېكىستلىرىدە بۇ سۆز كۆپىنچە « سانسىز ، چەكسىز » دېگەن مەنىدە ئۇچرايدۇ .

⑲ ماھابۇتى دەرىخى ـ دەرەخ نامى ، ئېيتىلىشىچە ، ساكيامۇنى پىپالا دەرىخى تۈۋىدە « ئۇلۇغ تو- يۇنماق » قا ئېرىشكەنىكەن . شۇندىن ئېتىبارەن پىپالا دەرىخى ماھابۇتى سانسكرىتچە mahabodhi ( ئۇلۇغ تويۇنماق ) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان .

⑳ نارايانچان ـ سانسكرىت تىلىدىكى nairanjana دىن كەلگەن بولۇپ ، قەدىمكى ھىندىستاندىكى بىر دەريانىڭ نامى .

61 باراناس ـ شەھەر نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى varanasi ( دەريا ئەگىپ ئۆتكەن شەھەر ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇ شەھەر گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ ، بۇددا مۇرىتلىرى تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدۇ .

62 دارماچاكىر ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى dharmacakra ( نوملۇق چاق ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇددا دىنىدا بۇددا نومى ( « قانۇن » مەنىسىدە ) ئايلانما چاققا ئوخشىتىلىدۇ . ئايلانما چاق ئايلانغانسېرى تىنىلىقلار قەلبىدىكى نىزۋانىلار ۋە يامان نىيەتلەر يوقىلىدۇ دېيىلىدۇ . « دارماچاكىر » نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭدىشى nomluok tilgän ( نوملۇق چاق ) . « ئالتۇن يارۇق » تا ھەر ئىككى ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ . خەنزۇچە 法轮 دېيىلىدۇ .

63 سراۋاست ـ سانسكرىت تىلىدىكى sravasti ( ئەۋلىيالار تۇرىدىغان ئورۇن ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ قەدىمكى دەۋردىكى بىر پادىشاھلىق ۋە بىر شەھەرنىڭ نامى .

64 چىت تېكىن ـ شاھزادە ئىسمى ، ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى jeta دېگەن سۆز بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى tigin ( شاھزادە ) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن .

65 تىرتى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى tirthika دىن كەلگەن بولۇپ ، بۇددىزىم رىۋايەتلىرىدىكى يېزىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھىنىڭ نامى .

66 ساڭگاس ـ شەھەر نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى sankas دىن كەلگەن .

67 ئەزرۇئا ـ ئەسلىي تېكىستتە äzrua دەپ يېزىلغان ، äzrua سۆزى سوغدى تىلىدىكى'zrw' سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىراھمان دىنىنىڭ ئىجادچىسى « تەڭرى براھمان » نى äzrua دەپ ئاتىغان . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا تېكىستلىرىدە بۇ سۆز كۆپرەك « ئەۋلىيا » دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ .

68 خورمۇزتا ـ سوغدى تىلىدىكى xwrmzt ( ئىلاھ ، تەڭرى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئەسلىدە بۇ سۆز مانى دىنىدىكى ئىلاھنى كۆرسەتەتتى ، كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ئىلاھى « ئىندرا » نى خورمۇزتا نامى بىلەن ئاتىغان .

(69) بۇرساڭ ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى buddha-sangha ( بۇددا راھىبلىرى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، « راھىب » دېگەن مەنىدە . خەنزۇچىدە 佛僧 دېيىلىدۇ .

(70) شراۋاك ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى sravaka دىن كەلگەن بولۇپ ، بۇددا ۋەز ـ نەسىھەتلىرى بويىچە ئىش ـ ئەمەل تۇتۇپ ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا بولغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 声闻 دېيىلىدۇ .

(71) راجاگرھ ـ شەھەر نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى rajagrha ( خان تۇرىدىغان شەھەر ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . راجاگرھ ماگىت دۆلىتىنىڭ پايتەختى ، شۇنداقلا ساكيامۇنى دىن تارقاتقان مەركەزلەردىن بىرى .

(72) نەزىر قىلىشقا ـ ئەسلى تېكىستتە atistid دەپ يېزىلغان بولۇپ ، سانسكرىتچە adhisthita دېگەن ئاتالغۇدىن كەلگەن . مەنىسى : « دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش » ، « بەخت تىلەش » ( نەزىر چىراغ قىلىپ ، تەڭرىدىن بەخت تىلەشنى كۆرسىتىدۇ ) .

(73) ئاتاغلىق ـ « هۆكۈمدار ، ئاتاغلىقلاردىن » دېگەن سۆزلەر ئەسلى تېكىستتە ilik ataghlartïn دەپ يېزىلغان ئۇنى « قول ـ پۇتلاردىن » دەپ يەشمە قىلىشمۇ مۇمكىن.

(74) ناگارجۇنى ـ سانسكرىت تىلىدىكى nāgarjunna دىن كەلگەن ، ماھايانا مەزھىپى ئىچىدىكى بىر تارماق مەزھەپنىڭ ئىجادچىلىرىنىڭ بىرى . خەنزۇچە 龙树 دېيىلىدۇ .

(75) دارما ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى dharmaya ( بۇددا ئەقىدىلىرى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . « ئالتۇن يارۇق » تا بۇ سۆز بەزىدە darmaya ، بەزىدە darma شەكلىدە ئۇچرايدۇ .

(76) تايشىڭ ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، خەنزۇ تىلىدىكى 大乘 سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى . بۇ ئىبارىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭدىشى ulugh köüngü چوڭ هارۋا .

(77) ماھايانا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى mahāyana ( چوڭ هارۋا ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ماھايانا بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى . ماھايانا مەزھىپى مىلادىيە بىرىنچى ئەسىر ئەتراپىدا شەكىللەنگەن بولۇپ ، بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۆزلىرىنى سانساردا ئازاب چېكىۋاتقان سانسىز جانلىقلارنى مۇشۇ چوڭ هارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ نىرۋان قۇتىغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ قارايدۇ . ماھايانا مەزھىپىنىڭ قارشىسى ھىنايانا . ماھايانا مەزھىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ulugh kölüngü دەپ ئاتىلىدۇ . « ئالتۇن يارۇق » تا بۇ مەزھەپ بەزىدە سانسكرىتچە mahayana ، بەزىدە خەنزۇچە tayshing ، بەزىدە ulugh kölüngü سۆزلىرى بىلەن ئاتىلىدۇ .

(78) چوڭ هارۋا ـ ئەسلى تېكىستتە ulush kölüngü دەپ يېزىلغان .

(79) ئۇلۇغ چىڭ سۇلالىسى ـ ئەسلى تېكىستتە tayching دەپ يېزىلغان ، tayching خەنزۇ تىلىدىكى 大清 سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، « ئۇلۇغ چىڭ سۇلالىسى » دېگەن مەنىدە .

(80) كاڭشى ـ چىڭ سۇلالىسىنىڭ 康熙 كاڭشى خانىنى كۆرسىتىدۇ .

(81) دۇنخۇاڭ ـ ئەسلى تېكىستتە tunghuang بەزىدە tung kuuang شەكلىدە ئۇچرايدۇ . بۇلار خەنزۇ تىلىدىكى 敦煌 سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ ، هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە قاراشلىق دۇنخۇاڭ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ .

⑧② بودىساتۋا ـ ئەسلىي تېكىستتە كۆپرەك bodistv شەكلىدە ئۇچرايدۇ ، بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . سانسكرىت تىلىدىكى bodhisattva ( ئادەمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىلىدىغان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ساكيامۇنى دەرۋىشلىك قىلىپ يۈرگەن ، تېخى بۇدداغا ئايلانمىغان چاغلاردا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان . كېيىن بۇددا دىنى تەلىماتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرگۈچىلەرمۇ « بودىساتۋا » دەپ ئاتىلىدىغان بولغان . خەنزۇچە 菩萨 دېيىلىدۇ .

⑧③ بەلگۈرتمە ئەتىۋز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۈچ ئەتىۋزنىڭ بىرى . ئادەتتە بۇددالار جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەندە ، شۇ جانلىقلارنىڭ ماھىيىتى ، جىنس ئايرىمىسى ، ئارزۇ ـ تەلىپىگە ماسلاشقان ھالدا ئۆزگىرىپ ، مەلۇم تۈرق ـ تەقلىدتە بولىدىغان ، ئۆزگىرىپ تۈرىدىغان ئەتىۋز « بەلگۈرتمە ئەتىۋز » دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، بودىساتۋالار ئايالالارنىڭ تۇغۇتىنى قوبۇل قىلغاندا ، ئايال كىشى قىياپىتىگە كىرگەنلىكىگە ئوخشاش . خەنزۇچىدە 变化身 دېيىلىدۇ .

⑧④ تۆش ئەتىۋز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۈچ ئەتىۋزنىڭ بىرى . بۇددالار ، بودىساتۋالار جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەندە ، ئۇلارنىڭ چۈشىدە كۆرۈنۈش ، روھى ـ خىيالىغا كىرىش ئارقىلىق ، مەلۇم يوشۇرۇن تۈرق ـ تەقلىدتە تۇرۇپ ، باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەتىۋز « تۆش ئەتىۋز » دەپ ئاتىلىدۇ . خەنزۇچىدە 自性身 دەپ ئاتىلىدۇ .

⑧⑤ نوملۇق ئەتىۋز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۈچ ئەتىۋزنىڭ بىرى . « ئەتىۋزىگە بارلىق بۇددا قائىدە ـ نىزاملىرى يىغىلغان » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . نوملۇق ئەتىۋز ئۈچ ئەتىۋزنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدۇ ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ « ئەسلىي ئەتىۋز » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . خەنزۇچىدە 法身 دېيىلىدۇ .

⑧⑥ ئۇلۇغ بەلگۈرتمە ئەتىۋز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بەلگۈرتمە ئەتىۋزنىڭ بىرى . بودىساتۋالارنىڭ ماھايانا مەزھىپى نومىنى نوملاۋاتقان قىياپەتكە كىرگەن تۈرق ـ ھالىتى « ئۇلۇغ بەلگۈرتمە » ئەتىۋز دېيىلىدۇ .

⑧⑦ كىچىك بەلگۈرتمە ئەتىۋز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بەلگۈرتمە ئەتىۋزنىڭ بىرى . بودىساتۋالارنىڭ ساكيامۇنى بۇرخان ، مائىترى بۇرخان قىياپىتىگە كىرىپ ، كىچىك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ، قۇتقا ئېرىشەلمىگەنلەرگە نوم نوملاۋاتقان تۈرق ـ قىياپىتى « كىچىك بەلگۈرتمە ئەتىۋز » دېيىلىدۇ .

⑧⑧ ئەگەشمە بەلگۈرتمە ئەتىۋز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بەلگۈرتمە ئەتىۋزنىڭ بىرى . بودىساتۋالارنىڭ ھەر خىل تۈرق ـ تەقلىدكە كىرىپ ، جانلىقلارنى ياخشىلىققا ، شادلىققا ئۈندەپ ئەگەشتۈرگەن تۈرق ـ قىياپىتى « ئەگەشمە بەلگۈرتمە ئەتىۋز » دېيىلىدۇ .

⑧⑨ ئون ئورۇن ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۇ بۇددا دىنىدا دەرۋىشلىك قىلىشتىكى ئون پەللىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئون ئورۇننىڭ نامى ۋە خاسىيىتى « ئالتۇن يارۇق » نىڭ 312 ـ ، 315 ـ بەتلىرىدە سۆزلىنىدۇ ، شۇنىڭدىن پايدىلىنىڭ . خەنزۇچە 十地 دېيىلىدۇ .

⑨⓪ ئوتتۇز ئىككى تۈرلۈك بەخت ـ تەلەيلىك ياخشى بەلگە ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . بۇددا ، يەنى ساكيامۇنى تۇغۇلۇشىدىلا ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن پەرقلىق بولۇپ ، ئاجايىپ گۈزەل قەددى ـ قامەتكە ، چىراي ـ ھۆسنگە ئىگە ئىكەنمىش . بۇ بەلگە ئالاھىدىلىكلەر جەمئىي ئوتتۇز ئىككى خىل ئىكەنمىش . « ئوتتۇز ئىككى خىل بەخت ـ تەلەيلىك ياخشى بەلگە » دېگىنى ساكيامۇنىنىڭ ئەنە شۇ ئوتتۇز ئىككى خىل بەلگە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئوتتۇز ئىككى خىل بەلگە ئالاھىدىلىكنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى

بولسىڭىز ، 《宗教词典》( شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى. 1981 ) نىڭ 76 ـ بېتىدىكى 三十二相 دېگەن ئاتالغۇغا بەرگەن ئىزاھقا ۋە « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مائىترى سىمىت » ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىلى ) نىڭ ئىككىنچى بۆلۈم بەشىنچى ۋاراق ( A ) بېتى 7 ـ قۇردىن بەشىنچى ۋاراق ( B ) بېتى 29 ـ قۇرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەرھىگە قاراڭ .

(91) سەكسەن تۈرلۈك ئەگەشمە پەزىلەت ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ساكيامۇنىنىڭ تەن ـ تۇرقىدىكى 80 خىل ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ . تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ، خەنزۇچە 《宗教词典》 نىڭ 41 ـ بېتىدىكى 八十种好 دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ .

(92) ئالتە ئوغرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، كۆز ، قۇلاق ، بۇرۇن ، تىل ، بەدەن ۋە تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ . بۇددا دىنىدا بۇ ئالتىسى بارلىق گۇناھ جىنايەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا بۇلار « ئالتە ئوغرى » دەپ ئاتىلىدۇ . خەنزۇچىدە 六贼 دېيىلىدۇ .

(93) بەش يوشۇرۇن ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، ① رەڭ يوشۇرۇنلۇقى ② قوبۇل يوشۇرۇنلۇقى ③ ئوي ـ پىكىر يوشۇرۇنلۇقى ④ يۈرۈش ـ تۇرۇش يوشۇرۇنلۇقى ⑤ بىلىم ـ چۈشەنچە يوشۇرۇنلۇقىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدە 五蕴 ، سانسكرىتچە pancaskandha دېيىلىدۇ .

(94) ئالتە پرامىت ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، نىرۋانىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان ئالتە تۈرلۈك ئامال ـ چارە ( يەنى پەرھىز ) نى كۆرسىتىدۇ . بۇلار تۆۋەندىكىچە : ① سەدىقە بېرىش ② پەرھىز تۇتۇش ③ سەۋر ـ تاقەت ④ پاكلىق بىلەن ئىلگىرىلەش ⑤ ديان ـ سۈكۈتتە تۇرۇش ⑥ ئەقىل ـ ئىدراكلىق بولۇش . بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدە 六度 ياكى 六波罗蜜 ، سانسكرىتچە satpārammita دېيىلىدۇ .

(95) ماھاكالپ ـ بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى maha ( چوڭ ، ئۇلۇغ ) دېگەن سۆز بىلەن kalpa ( ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن . « ماھاكالپ » ئادەتتە بىر مىليارد 340 مىليون يىلغا تەڭ دېيىلىدۇ .

(96) بەرە ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى ، بەزىلەر بۇ سۆزنى توخار تىلىدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ .

(97) سۇمىر تېغى ـ « سۇمىر » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى sumeru ( چىرايلىق ، كۆركەم ، نۇرلۇق ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى بىر تاغنىڭ نامى . بۇددىستلار بۇ تاغنى دۇنيانىڭ كىندىكى ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ . خەنزۇچىدە 须弥山 دېيىلىدۇ .

(98) نىزۋانى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سوغدى تىلىدىكى nyzβ'ng دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئەسلىدە « ئەپسانىيەت : زوق ، ھەۋەس : دەھشەتلىك ، قورقۇنچلۇق : دىلخەستىلىك ؛ ئازاب » دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان ، كېيىن ئۇيغۇرچە بۇددىزم تېكىستلىرىدە ئىنسانلارنىڭ بەدەن ۋە كۆڭلىنى بىئاقەت قىلىپ ، دىلخەستىلىك ۋە ئازاب قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى روھىي ھالەتنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان بولغان . خەنزۇچىدە 烦脑 دېيىلىدۇ .

(99) پراتيېكابۇت ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى pratyekabuddha ( سەۋەبلىك سېزىم ، مۇستەقىل سېزىم ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . خەنزۇچىدە 缘觉 دېيىلىدۇ .

⑩⓪ ئۈچ تۈرلۈك ماھىيەت ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، ① ھەممىدە باشقىلارغا بەند بولۇپ باغلانغان ماھىيەت ② باشقىلارغا تايىنىپ تۈرىدىغان ماھىيەت ③ تۈگەل تەل بولغان ماھىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

⑩① قالدىلىغ نىرۋان ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە 有馀涅 دېيىلىدۇ.

⑩② ساماتى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى samādhi (سۈكۈتتە تۇرۇش، ساقلاش) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، كۆڭۈلنى بۆلمەي پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تۇرغان روھىي ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا تەلىماتىدا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئېرىشمەكچى بولغان ئاڭ ـ چۈشەنچىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، چىقارماقچى بولغان ھۆكۈمنى چىقىرىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. خەنزۇچىدە 定 دېيىلىدۇ.

⑩③ سىرۇڭگاسامابۇدى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى sürungamasamā (ساماتىنى ـ ديانىنى كۈچلەندۈرۈش) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. «سامات» ديانىنىڭ بىر خىلى. خەنزۇچىدە 首楞严三昧 دېيىلىدۇ.

⑩④ تۇرۇق ـ بۇددىزم ئاتالغۇسى بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «تىنىق»، «سۈپسۈزۈك»، «ئېنىق».

⑩⑤ ئاڭايۈك ـ ئەسلىي تېكىستتە anga yük دەپ يېزىلغان، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسىنى ھازىرچە ئېنىقلىيالمىدۇق.

⑩⑥ ئاتچۇلايۇ كەلمىش (شۇنداق كەلگەن) ـ سانسكرىتچە tathāgata نىڭ مەنا تەرجىمىسى بولۇپ، «بۇرخان» (بۇددا) نىڭ ئون نامىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

⑩⑦ سارىپۇترا ـ بۇرخان نامى، سانسكرىت تىلىدىكى sāriputra دىن كەلگەن بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ ئون چوڭ شاگىرتىنىڭ بىرى. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بۇددا نوملىرىنى شەرھلەشكە ماھىر بولغاچقا، «ئەقىل ـ پاراسەتتە بىرىنچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنىكەن. خەنزۇچىدە 舍利佛 دېيىلىدۇ.

⑩⑧ ئارخانت (~ ئارخات ~ ئارھات) ـ سانسكرىت تىلىدىكى arhant ياكى arhat سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنىنىڭ ئون خىل نامىنىڭ بىرى ياكى شىراۋاكلارنىڭ تۆت خىل مەرتىۋىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

⑩⑨ يەتتە ئەردەنى ـ (ئەسلىي تېكىستتە «يىتى ئەردىنى» دەپ يېزىلغان) بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە 七宝 دېيىلىدۇ.

⑪⓪ توغرا ـ تۈز تۇيماق ـ (ئەسلىي تېكىستتە «كۆنى تۈز تۇيماق» دېيىلگەن) بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ، سانسكرىتچە sambodhi، خەنزۇچە 正觉 دېيىلىدۇ.

⑪① بودى ـ سانسكرىتچە bodhi دىن كەلگەن. مەنىسى «تۇيماق». خەنزۇچە 觉 دېيىلىدۇ.

⑪② چاكراۋارت ـ خان نامى، سانسكرىتچە cakravartin (ئايلانما چاقلىق پادىشاھ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ھىندى رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇ قولىدا دائىم ئايلانما چاقلىق ئەگكۈشتەرنى تۇتۇپ يۈرگەچكە، ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغانمىش. خەنزۇچىدە 转轮王 دېيىلىدۇ.

⑪③ ۋايتۇرى ـ يەتتە ئەردىنىنىڭ بىرى، سانسكرىت تىلىدىكى vaidürya دېگەن سۆزدىن كەلگەن. خەنزۇچىدە 琉璃 دېيىلىدۇ.

⑪④ راجاگرھ ـ سانسكرىتچە rājagrha دىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمكى ھىندىستاندىكى ماگادھا magadha

دۆلىتىنىڭ پايتەختى .

⑮ براھمان ــ سانسكرىت تىلىدىكى brahamana ( پاك قىلىمشلىق ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ① بىر خىل ئىجتىمائىي يۇقىرى تەبىقە ، يەنى قەدىمكى ھىندىستاندىكى براھمانلارنىڭ دەرىجە نامى ② يۇرۇش ــ تۇرۇشى پاك دىندار دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ .

⑯ ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يەر ــ جاھان ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، سۇمىر تېغىنى مەركەز ، تۆمۈر تېغىنى تاشقى دائىرە قىلغاندا ، ئوخشاش بىر كۈن ئىچىدە ئاي يورۇتقان تۆت ئالەم « بىر كىچىك دۇنيا » ، مىڭ « كىچىك دۇنيا » بولسا « مىڭ كىچىك دۇنيا » ، مىڭ « مىڭ كىچىك دۇنيا » بولسا « مىڭ ئوتتۇرا دۇنيا » ، مىڭ « مىڭ ئوتتۇرا دۇنيا » بولسا « ئۇلۇغ مىڭ دۇنيا » دېيىلىدىكەن . « ئۇلۇغ مىڭ دۇنيا » ئىچىدە ئۈچ خىل ( كىچىك ، ئوتتۇرا ، ئۇلۇغ ) « مىڭ دۇنيا » بولغانلىقى ئۈچۈن ، « ئۈچ مىڭ ئۇلۇغ مىڭ يەر ــ جاھان » دېيىلىدىكەن . خەنزۇچىدە 三千大千世界 ياكى قىسقارتىلىپ 大千世界 دېيىلىدۇ .

⑰ ئۈچ يامان يول ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سەۋەب ــ نەتىجە ئەقىدىسىنىڭ بىرى . ئېيتىلىشىچە ، جانلىقلار ئۆزى قىلغان يامان قىلمىشلىرىغا ئاساسەن ، ئۈچ يامان يولغا كىرەرمىش : بىرى دوزاخ يولى ، بىرى ئالۋاستىلار يولى ، يەنە بىرى ھايۋانلار يولى . خەنزۇچىدە 三恶道 دېيىلىدۇ .

⑱ ئارزى ــ بۇ ئاتالغۇ سوغدىچە rizai (rz´y) دىن كەلگەن بولۇپ ، سوغدىچىسى ساكچە risayi دىن ، ساكچىسى سانسكرىتچە rsi دىن كەلگەن . مەنىسى «ئەۋلىيا » .

⑲ ئون كۈچ ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، بۇددانىڭ ئون خىل ئەقلى كۈچىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچە 十力 دېيىلىدۇ .

⑳ قىلىق ــ ( ئەسلىي تېكىستە « قىلىنچ » دېيىلگەن ) بۇددا دىنى ئاتالغۇسى سانسكرىتچە karma ، خەنزۇچە 业 دېيىلىدۇ .

㉑ لاكسان ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى laksana ( بەلگە ، نىشان ، ئالاھىدىلىك ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن .

㉒ سۇراتى ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى sruti ( ئاڭلاش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . كېيىن بۇ سۆز « تەڭرى ئىلھام بېرىش ، تەڭرى ۋەھى قىلىش » دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان . خەنزۇچىدە 天启 دېيىلىدۇ .

㉓ ۋايشىرىۋانى ماھاراج ــ ( ئەسلىي تېكىستە « ۋايشىرىۋانى ماخازانچا » دەپ يېزىلغان ) سانسكرىتچە vaisravana دىن كەلگەن تەڭرى ئىسمى بولۇپ ، خەنزۇچە 多闻天王 دېيىلىدۇ . ئۇ ، تۆت تەڭرى پادىشاھ ئىچىدىكى شىمالىي تەرەپنى ئىدارە قىلغۇچى تەڭرىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ .

㉔ چىنتامانى ــ ⑭ ئىزاھقا قاراڭ .

㉕ دارنى ــ سانسكرىتچە dhārani دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ ، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى 陀罗尼 دېيىلىدۇ . بۇددا دىنىنىڭ ( ياكى قانۇنىنىڭ ) بۇيۇك تەرىپى ( شەرھىيسى ) دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

㉖ مانتال ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى mandala ( يىغىلىش ؛ سۇپا ، پائالىيەت مۇنبىرى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇددىزم مۇرىتلىرى جىن ــ ئالۋاستىلارنىڭ كىرىشىدىن ساقلىنىش

ئۇچۇن ، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇندا ، بىر چەمبىرەك سىزىپ قويىدۇ ياكى توپىدىن سۇپا ياسايدۇ ، بەزىدە بۇرخانلارنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويىدۇ . مانا مۇشۇ ئورۇن مانتال دېيىلىدۇ . خەنزۇچىدە 坛، 坛坊 ياكى 曼荼罗 دېيىلىدۇ .

⑫ ئاۋىش ـ سانسكرىت تىلىدىكى avici دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئوتى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان چوڭقۇر دوزاخنى كۆرسىتىدۇ .

⑬ سۇڭ ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى ، ئەسلىي تېكىستتە tsun دەپ يېزىلغان ، stun خەنزۇ تىلىدىكى 寸 دىن كەلگەن .

⑭ شىڭ ـ ئۆلچەم بىرلىكى ، ئەسلىي تېكىستتە shing دەپ يېزىلغان ، shing خەنزۇ تىلىدىكى 升 ( لېتىر ) دىن كەلگەن .

⑮ ئاسۇرى ـ سانسكرىت تىلىدىكى asura ( توغرا ئەمەس ، تەڭرىگە يات ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ ئەسلىدە ھىندى رىۋايەتلىرىدىكى بىر خىل ياۋۇز ئىلاھنى كۆرسىتەتتى . ئاسۇرى دائىم تەڭرى ئىلاھلىرى بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، كېيىنكىلەر بۇ سۆزنى « جەڭگاھ » دېگەن مەنىدىمۇ قوللانغان .

⑯ چاتۇرماھاراج ـ بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى catur ( تۆت ) دېگەن سۆز بىلەن maharaja ( ئۇلۇغ پادىشاھ ) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، « تۆت ماھاراج » دېگەن مەنىدە . تەپسىلاتى ئۈچۈن « تۆت ماھاراج » قا بېرىلگەن ئىزاھقا قاراڭ .

⑰ ئىستىراياستىرىش تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ بىرىكمىدىكى « ئىستىراياستىرىش » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى trāyastrimsa ( ئوتتۇز ئۈچ يەر ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇددا دىنىدا سۇمىر تېغى چوققىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ھەر بىر تەرەپتە سەككىز يەر ـ جاھان بار دەپ قارىلىدۇ . بۇ يەرلەر قوشۇلغاندا جەمئىي 33 بولىدۇ . « ئىستىراياستىرىش تەڭرى يېرى » دېگىنى ئەنە شۇ 33 يەرنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 三十三天 دېيىلىدۇ .

⑱ يەم تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « يەم » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى yāma دىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ئالتە ھەۋەس ـ ئارزۇلۇق يەرنىڭ بىرى . « يەم تەڭرى يېرى » دېگىنى ئەنە شۇ جاينى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 夜摩天 دېيىلىدۇ .

⑲ تۇست تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « تۇست » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى tusita دىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ ئالتە ھەۋەس ـ ئارزۇلۇق يەرنىڭ بىرى . خەنزۇچىدا 兜率天 دېيىلىدۇ .

⑳ نىرماناراتى تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « نىرماناراتى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى nirmānarati دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئالتە ھەۋەس ـ ئارزۇلۇق يەرنىڭ بىرى . « نىرماناراتى تەڭرى يېرى » دېگىنى ئەنە شۇ يەرنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 乐变化天 دېيىلىدۇ .

㉑ پارنىرمىداۋاشاۋارتى تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « پارنىرمىداۋاشاۋارتى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى paranirmitavasartin دىن كەلگەن بولۇپ ، ئالتە ھەۋەس ـ ئارزۇلۇق يەرنىڭ بىرى . « پارنىرمىداۋاشاۋارتى تەڭرى يېرى » دېگىنى ئەنە شۇ يەرنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 他化自在天 دېيىلىدۇ .

(137) براھماكايىك ئاتلىق ئەۋلىيا تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « براھماكايىك » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى brahmakūyika دىن كەلگەن . « براھماكايىك » بىراھمان دىنى ۋە ھىندى دىنىنىڭ ئىجادچىسى ، بىراھمى دىنى ۋە ھىندى دىنىدىكى ئۈچ ئاساسلىق ئىلاھنىڭ بىرى . « براھماكايىك ئاتلىق ئەۋلىيا تەڭرى يېرى » ئەنە شۇ ئىلاھ مۇھاپىزەتتىدىكى يەرنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 梵天 دېيىلىدۇ .

(138) براھما پۇرۇكۇت ئاتلىق ئەۋلىيا تەڭرى يېرى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى « براھما پۇرۇكۇت » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى brahmaprohita دىن كەلگەن . براھما پۇرۇكۇت براھمان ۋە ھىندى دىنى ئىجادچىلىرىنىڭ بىرى . « براھما پۇرۇكۇت ئاتلىق ئەۋلىيا تەڭرى يېرى » دېگىنى براھما پۇرۇكۇت تەڭرى مۇھاپىزەتتىدىكى يەرنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 梵辅天 دېيىلىدۇ .

(139) ماھابراھمى ـ ئىلاھ نامى ، بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى maha ( چوڭ ، ئۇلۇغ ) دېگەن سۆز بىلەن brahma ( ئىلاھ ) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، « ئۇلۇغ ئىلاھ » دېگەن مەنىدە . خەنزۇچىدا 大梵天 دېيىلىدۇ .

(140) 143 ـ بەت 3 ـ قۇردىن 21 ـ قۇرغىچە بولغان ئارىلىقتا ، 15 تەڭرى يېرى سانسكرىتچىسى بىلەن تىلغا ئېلىنغان ، ئەسلىدە ئىزاھلاش كېرەك ئىدى ، لېكىن ھەر بىر تەڭرى نامىدىن كېيىن ، بۇ ناملارنىڭ مەنىسى ئىزاھلانغانلىقى ئۈچۈن ، بىز بىر ـ بىردىن ئىزاھلاپ ئولتۇرمىدۇق .

(141) سورتاپان ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى srotāpanna ( ئېقىن ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ بۇددا مىنايانا مەزھىپىدىكى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىنىڭ بىرى . خەنزۇچە 预流 دېيىلىدۇ .

(142) ساكارداگام ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى sakardāgāmin دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ھىنايانا مەزھىپىدىكى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىلىرىدىن بىرى . خەنزۇچىدە 来— دېيىلىدۇ .

(143) ئاناگام ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى anāgānim دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ھىنايانا مەزھىپىدىكى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىنىڭ بىرى . خەنزۇچىدە 不还 دېيىلىدۇ .

(144) مەنسىز ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، سانسكرىتچە Anātman ، خەنزۇچە 无我 ، يەنە 非我 دېيىلىدۇ .

(145) نادانلىق ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا biliksizbilik دېيىلىدۇ . نادانلىق بۇددا دىنىدىكى 12 سەۋەب ـ ۋەجىنىڭ بىرى . ئۈچ زەھەرنىڭ بىرى ۋە ئاساسلىق نىزۋانى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئادەتتە بۇددىزم تەلىماتلىرىغا بولغان سادىدا قاراشنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 无明 ياكى 愚痴 دەپ ئاتىلىدۇ .

(146) ئۈچ تۆرلۈك ھارۋا ـ ( ئەسلى تېكىستتە « ئۈچ تۆرلۈگ كۆلۈڭگۈ » دېيىلگەن ) بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە 三乘 دېيىلىدۇ . ئادەتتە شراۋاك srāvaka ، پراتيېكابۇت pratyekabuddha ، بودىساتۋا bodhisatta لار شۇنداق ئاتىلىدۇ .

(147) سانۋار ـ سانسكرىتچە samvara دىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ ، « ساقلانماق ، ئالدىنى ئالماق ، توسماق » دېگەن مەنىلەرگە ئىگە .

(148) چىنتامانى ـ سانسكرىت تىلىدىكى cintāmani ( كۆڭۈل ئارزۇسىغا يەتكۈزىدىغان مەرۋايىت ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، كۆپىنچە ئەردىنى ( گۆھەر ) سۆزى بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ . خەنزۇچىدە

如意宝珠 دېيىلىدۇ .

⑭⑨ بوتى دەرىخى ـ ئەسلى تېكىستتە « بوتى سۆگۈت » دېيىلگەن . سانسكرىتچە bodhidruma ياكى bodhivrsa دېيىلىدۇ ، خەنزۇچە 菩提树 دېيىلىدۇ .

⑮⓪ ئامىتائايۇس ـ بۇرخان نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى amitāyus ( چەكسىز ياشلىق ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ غەربتىكى شادلىق دۇنياسىنىڭ ئىلاھى دېيىلىدۇ . خەنزۇچىدە 无量寿佛 ياكى 阿弥陀佛 دېيىلىدۇ .

⑮① شارىر ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى sarira ( جەسەت ، جەسەت كۈلى ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، ساكيامۇنىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسەت كۈلى ئۈنچىسىمان ماددىغا ئايلانغانمىش . بۇ جەسەت كۈلى « شارىر » دەپ ئاتالغان . كېيىن ئالىيجاناب راھىبلارنىڭ جەسەتلىرى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ، بۇ جەسەت كۈللىرىمۇ « شارىر » دەپ ئاتىلىدىغان بولغان . « شارىر » ئۈچ خىل رەڭدە بولارمىش . ئاق رەڭلىكى سۆڭەك شارىرى ، قارا رەڭلىكى چاچ شارىرى ، قىزىل رەڭلىكى ئەت شارىرىنى كۆرسىتەرمىش . خەنزۇچە 舍利 دېيىلىدۇ .

⑮② مۇنار ـ ئەسلى تېكىستتە « ئەستۇب » دەپ يېزىلغان بولۇپ ، سانسكرىتچە stūpa دىن كەلگەن . مەنىسى « مۇنار » بۇددا مۇنارىنى كۆرسىتىدۇ .

⑮③ مانتارىك مەھامانتارىك ( ~ ماھامانتارىك ) ـ مانتارىك سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى mandāraka ( زىرائەت ، ئۆسۈملۈك ) دىن كەلگەن سۆز ، مەھامانتارىك يۇقىرىقى mandāraka سۆزىگە maha ( چوڭ ، ئۇلۇغ ) دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشى ئاساسىدا ھاسىل بولغان بولۇپ ، كونتېكىستتە « ھەر خىل زىرائەتلەر بىلەن تولغان » دېگەن مەنىدە كەلگەن . تەرجىمىدە ئەينەن ئېلىندى .

⑮④ يەتتە ئەردىنى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئالتۇن ، كۈمۈش ، سىرلىق كاھىش ، تىرىداكنا قېپى ، كەھرىۋا ، ئۈنچە ، مەرمەر تاشنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 七宝 دېيىلىدۇ . « ئالتۇن يارۇق » نىڭ 81 ـ بېتىدە « يەتتە ئەردىنى » نىڭ نامى تۆۋەندىكىچە تىلغا ئېلىنىدۇ : ① ئالتۇن ② كۈمۈش ③ ئۈنچە ④ ۋايتۇرى ⑤ چەچ ⑥ قاش ( تېشى ) ⑦ قىزىل ئۈنچە .

⑮⑤ ئوتتۇز يەتتە تۈرلۈك بوداباكشىك ئاتلىق تۇيۇنماقلىق ياردەمچى نوم ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ تەركىبىدىكى بودا باكشىك سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى bodhipaksiya ( ئاڭ ، تۇيۇنۇش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ بۇددا ئېگىشىغا ئېرىشىش ، نىرۋانغا يېتىپ بېرىشتىكى تارماق يول ـ ۋاسىتىلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇددا نوملىرىدا بۇ يول ۋاسىتىلەر يەتتە تۈرلۈك 37 خىل بولىدۇ ، دېيىلىدۇ . « ئوتتۇز يەتتە تۈرلۈك بودا باكشىك ئاتلىق تۇيۇنماقلىق ياردەمچى نوم » دېگىنى ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدە 三十七道品 ياكى 三十七种助人提法 دېيىلىدۇ .

⑮⑥ تۇيۇنماق ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . بۇددا دىنى « ھەقىقەتنى » گە بولغان « ئاڭ ـ تۇيغۇ » نى كۆرسىتىدۇ . بودى دېيىلىدىغان تۇيۇنماق كۆڭۈل ، خەنزۇچە 菩提心 گە توغرا كېلىدۇ . بودى، سانسكرىتچە bodhi دىن كەلگەن ، مەنىسى « تۇيماق » . بودى كۆڭۈل ، تۇيۇنماق كۆڭۈل دېگەنلەرمۇ ئوخشاشلا 菩提心 دېيىلىدۇ .

⑮⑦ ھەقىقىي ـ ئەسلى تېكىستتە chinsü دېيىلگەن بولۇپ ، ئۇ خەنزۇچە 真如 ، سانسكرىتچە

bxütataxtatā دېيىلىدۇ .

(158) سەدىقە ـ بۇ سۆز ئەسلىي تېكىستتە bushi دەپ يېزىلغان . bushi خەنزۇ تىلىدىكى 布施 سەدىقە دېگەن سۆزدىن كەلگەن . bushi نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەگدىشى bärgü ( ~ birgü ) سەدىقە .

(159) كسارى ئاتلىق ئارسلان ـ بۇ ئاتالغۇدىكى « كسارى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى kesara-raya ( تۈك ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . « كسارى ئاتلىق ئارسلان » ھىندى رىۋايەتلىرىدىكى بىر خىل ئارسلاننىڭ نامى .

(160) ئابىسىك ـ سانسكرىت تىلىدىكى abhiseka دىن كەلگەن . ① قەدىمكى ھىندىستاندا پادىشاھلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنىڭ بىر خىلى . بۇ مۇراسىمدا « تۆت چوڭ دېڭىز سۈيى » دېيىلىدىغان بىر خىل ماي ماڭلىيىغا سۈرتۈپ قۇت تىلىنىدۇ . ② مەرتىۋە ئۆستۈرۈش ، نوم تەپسىر قىلىش مۇراسىمىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 灌水 دېيىلىدۇ .

(161) باغلانماق ـ ئەسلىي تېكىستتە ئاتقانماق دەپ يېزىلغان . ئۇ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى بولۇپ ، خەنزۇچە 缘، سانسكرىتچە pratyaya غا توغرا كېلىدۇ . يەنە سانسكرىتچە ālambana غىمۇ توغرا كېلىدۇ .

(162) چادىك ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى jataka دىن كەلگەن بولۇپ ، بۇددا ، بودىساتۋالارنىڭ ئۆتمۈشىگە دائىر « ھېكايە ، رىۋايەت » دېگەن مەنىدە .

(163) ھەقىقىي دېيىلگەن ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئەسلىي تېكىستتە chinsu tigmä دەپ يېزىلغان . بۇ بىرىكمىدىكى chinsu سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى 真如 سۆزىدىن كەلگەن . tigmä بولسا ئۇيغۇر تىلىدىكى ti- ( دېمەك ) پېئىلىنىڭ سۈپەتداش قوشۇمچىسى gmä ـ بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى . chinsu tigmä دېگىنى « ھەقىقىي دېيىلگەن » دېمەكتۇر . بۇ ئاتالغۇ بۇددا نوملىرى تېكىستلىرىدە شەيئىنىڭ « ھەقىقىي ماھىيىتى ، ھەقىقىي قىياپىتى » دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ .

(164) سىسدۇ ـ بۇ سۆز كونتېكىستكە قارىغاندا « ياخشى ، ئوبدان » دېگەن مەنىنى بىرىدىغاندەك قىلىدۇ . لېكىن لۇغەت ئاساسىمىز بولمىغاچقا ، تەرجىمىدە « سىسدۇ » دەپ ئەينەن ئالدۇق .

(165) رىدى ـ بۇ سۆز كونتېكىستكە قارىغاندا « شۆھرەت ، نام » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغاندەك قىلىدۇ ، لېكىن لۇغەت ئاساسىمىز بولمىغاچقا ، تەرجىمىدە « رىدى » دەپ ئەينەن ئالدۇق .

(166) ۋىد ياستان ـ شاستىر نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى Vidyasthāna دىن كەلگەن .

(167) ئۈچ ئوغا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئەسلىي تېكىستتە üch aghu ( ئۈچ زەھەر ) دەپ يېزىلغان . ئۇ ① ئاچ كۆزلۈك ② غەزەپلىنىش ③ دۆتلۈكتىن ئىبارەت ئۈچ نىزۋانىنى كۆرسىتىدۇ . بۇددا دىنىدا بۇ ئۈچ نىزۋانى بارلىق نىزۋانىلار ئىچىدە تىنلىقلارغا زىيىنى ئەڭ چوڭ نىزۋانى دەپ قارىلىدۇ . شۇڭا ئۇ بارلىق نىزۋانىلارنىڭ ئاساسى دېيىلىدۇ . خەنزۇچىدە 三毒 ياكى 三垢 ، 三火 دېيىلىدۇ .

(168) ۋىنايا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى vinaya سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ، بۇددا نوملىرىنىڭ « پەرھىز » قىسمىنى كۆرسىتىدۇ .

(169) ئابىدارىم ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى abhidharma ( چۈشەندۈرۈش ، تەپسىر قىلىش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، بۇددىزم نوملىرىنىڭ « تەپسىر » قىسمىنى كۆرسىتىدۇ .

(170) ئۈچ خەزىنە ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇددا كلاسسىكلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى . ئۇ ① سۇتراپىتاكا ( يەنى بۇددا نوملىرى ) ② ۋىناياپىتاكا ( بۇددىزم پەرھىزلىرى ) ③ ئابىدارىمپىتاكا ( نوم تەپسىرى ) نى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئاتالغۇ بەزىدە «ئۈچ ئەردىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

⑰ ئون ئىككى بۆلەك نوم ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ئەسلىي تېكىستتە iki ygrmi bölük nom دەپ يېزىلغان. بۇددا نوملىرى سىستېمىسىدىكى 12 تۈرنى كۆرسىتىدۇ. تەپسىلاتى بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز 《宗教词典》 نىڭ 24 ـ بېتىدىكى 十二部分 دېگەن ئاتالغۇغا بېرىلگەن ئىزاھقا قاراڭ.

⑰ ھىنايانا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى hinayana (كىچىك ھارۋا) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى. ئۇنىڭ قارشىسى «ماھايانا» مەزھىپى. بۇ ئاتالغۇ «ئالتۇن يارۇق» تا «خىنايانا» (~ ھىنايانا) شەكلىدە ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە saw shing (خەنزۇچىدىكى 小乘 دىن كەلگەن) kichigkölüngü (ئۇيغۇرچە) شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

⑰ ماھاپارىي نىرۋان سۇترا ـ سۇترا نامى بولۇپ، سانسكرىتچە maxāparinirvāna sütra دىن كەلگەن. خەنزۇچە 大般涅经 دېيىلىدۇ.

⑰ يۈگۈرۈك ـ ئەسلىي تېكىستتە «يۈگەرەنچ» (~ يۆگەرەنچ) دەپ يېزىلغان. يۈگەرەنچ = ئۆگرۈنچ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ① خوشاللىق، سۆيۈنچ دېگەن مەنىنى بېرىشكە بولىدۇ، ② ئىسىم ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ.

⑰ ۋىپاسىنا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى vipasyana دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، كەڭ مەنىدە بارلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا دىنىدا بۇددا تەلىماتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىلمەكچى بولغان ئوبيېكتىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان «تەپەككۇر ۋە كۆزىتىش» نى كۆرسىتىدۇ.

⑰ ئون كۈچ ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، بۇرخانغا خاس بولغان ئون تۈرلۈك ئەقلىي كۈچنى كۆرسىتىدۇ. تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولاي دېسىڭىز 《宗教词典》 نىڭ 15 ـ بېتىدىكى 十力 دېگەن ئاتالغۇغا بېرىلگەن ئىزاھقا قاراڭ. بۇ ئاتالغۇ سانسكرىت تىلىدا dasabala دېيىلىدۇ.

⑰ ئاسانگا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى asanga دىن كەلگەن. «ئاسانگا» ماھايانا بۇددىزمىدىكى يوگا مەزھىپىنىڭ ئىجادچىلىرىدىن بىرى.

⑰ دارنى (ئايەت) ـ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خەنزۇچىسىدىمۇ، ئۇيغۇرچىسىدىمۇ سانسكرىتچە بېرىلگەن. تەرجىمىسىدە بىزمۇ شۇنداق ئالدۇق. مۇنداق ئەھۋال «ئالتۇن يارۇق» تا خېلى كۆپ ئورۇندا كۆرۈلىدۇ.

⑰ ژىم ـ خەنزۇ تىلىدىكى 壬 دىن كەلگەن. ئون بۇرج (دەۋرىي بەلگە) نىڭ توققۇزىنچىسى.

⑱ چامبۇدىۋىپ ـ يەر نامى، بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى jambu (چامبۇ دەرىخى) دېگەن سۆز بىلەن dvipa (تەرەپ، ئەل، ئايماق) دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «چامبۇ دەرىخى يۇرتى» دېگەن مەنىدە. چامبۇ دىۋىپ سۇمىر تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

⑱ بىمبا ئاتلىق مېۋە ـ بۇ بىرىكمىدىكى «بىمبا» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى bimba دىن كەلگەن. «بىمبا» ھىندىستاندىن چىقىدىغان قىزىل رەڭلىك بىر خىل مېۋىنىڭ ئىسمى.

⑱ ئۈچ دۇنيا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، ئەسلىي تېكىستتە üch oghush yirtinqü دەپ يېزىلغان. ئۇ نەپسانىي دۇنيا، رەڭلىك دۇنيا، رەڭسىز دۇنيا دىن ئىبارەت ئۈچ دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچىدە 三界 دېيىلىدۇ.

⑱ ئۇدۇمبار گۈلى ـ ئەسلىي تېكىستتە udumbar qäqäk دەپ يېزىلغان. «ئۇدۇمبار» سانسكرىت

تىلىدىكى udumbāra ( ئالامەت ، خىسلەت ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان 3000 يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ، ئاجايىپ خاسىيەتكە ئىگە بىر خىل گۈلنىڭ نامى .

(184) قارا ئاي ـ ئاي كالېندارى بويىچە ھەربىر ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىنى كۆرسىتىدۇ .

(185) ئالتە بىلىم ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، « 18 ئالەم » دىكى ئالتە بىلىمنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ كۆز بىلەن كۆرۈش بىلىمى ، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش بىلىمى ، بۇرۇن بىلەن پۇراش بىلىمى ، تىل بىلەن تېتىش بىلىمى ، بەدەن بىلەن سېزىش بىلىمى ، كۆڭۈل بىلەن ئۇقۇش بىلىمىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 六知 دېيىلىدۇ .

(186) بەش بەند بولۇش ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۇ ئېتىقادقا بەند بولۇش ، پاك ئىلگىرىلەشكە بەند بولۇش ، ئۇقۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەند بولۇش ، ديانغا بەند بولۇش ، ئەقىل ـ ئىدراك يېتىلدۈرۈش بىلەن بەند بولۇشنى كۆرسىتىدۇ .

(187) تۆت ئۇلۇغ ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۇ يەر ، سۇ ، ئوت ، شامالدىن ئىبارەت تۆت ئاساسلىق ئامىلنى كۆرسىتىدۇ . بۇددا دىنىدا يۇقىرىقى « تۆت ئۇلۇغ » ئارقىلىق ھەممە بارلىققا كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ . خەنزۇچە 四大 دېيىلىدۇ .

(188) لاباي كانىيى ـ بۇ ئاتالغۇدىكى « لاباي » سۆزى خەنزۇچىدىكى 螺贝 دىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان بىر خىل مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ نامى .

(189) ئالتە بەند بولۇش ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئەسلىي تېكىستتە altï atqanghu دەپ يېزىلغان . ئۇ « 18 ئالەم » دىكى ئالتە بەند بولۇش ، يەنى كۆز ، قۇلاق ، بۇرۇن ، تىل ، بەدەن ، تەپەككۇر ( كۆڭۈل ) بىلىمى ئارقىلىق سېزىلگەن ، تونۇلغان ئالتە بەنت بولۇش دۇنياسىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ئالتە بەند بولۇش دۇنياسى تۆۋەندىكىچە : ① ئۆڭ ( رەڭ ) ② ئاۋاز ③ پۇراق ④ تەم ⑤ سېزىم ⑥ قانۇن . خەنزۇچىدە 六境 دېيىلىدۇ .

(190) پرابارا چارىچايى ئاتلىق دەۋر ـ بۇ بىرىكمىدىكى « پراباراچارىجايى » سانسكرىت تىلىدىكى prabharājarijaya دىن كەلگەن . كونتېكىستتىن قارىغاندا ئۇنىڭ مەنىسى « ئۈچ مىڭ ئاسانكى ۋاقىت » بىلەن ئوخشاشتەك قىلىدۇ .

(191) تارتىراشترى ماھارانچ ( ~ ماھاراج ) ـ « تارتىراشترى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى dhrtarāstra دىن كەلگەن بولۇپ ، ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئىلاھنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى . خەنزۇچىدە 持国天王 دېيىلىدۇ .

(192) ۋىرۇداكى ماھارانچ ( ~ ماھاراج ) ـ بۇ ئاتالغۇدىكى « ۋىرۇداكى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى virūdhaka دىن كەلگەن بولۇپ ، ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئىلاھنىڭ بىرىنىڭ نامى . خەنزۇچىدە 广目天王 دېيىلىدۇ .

(193) ۋىرۇپاكشى ماھارانچ ( ~ ماھاراج ) ـ « ۋىرۇپاكشى » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى virūpāksa دىن كەلگەن بولۇپ ، ئالەمنى قوغدىغۇچى تۆت ئىلاھنىڭ بىرىنىڭ نامى . خەنزۇچە 增长天王 دېيىلىدۇ .

(194) مۇھاراگى ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى mahoraga ( چوڭ يىلان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، يىلانلار توپىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 大蟒神 دېيىلىدۇ .

(195) سىكسىل ئالغۇچى ـ بۇ بىرىكمىدىكى « سىكسىل » سۆزى ئەسلىي تېكىستتە siksilaltaqi دەپ

يېزىلغان . خەنزۇچە تېكىستكە قارىغاندا 吸人精气 دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدەك قىلىدۇ . لېكىن « سىكىسىل » سۆزىگە لۇغەت ئاساسىمىز بولمىغاچقا تەرجىمىسىدە « سىكىسىل ئالغۇچى » دەپ ئېپىنەن ئالدۇق .

⑯ كى ـ خەنزۇ تىلىدىكى 己 دىن كەلگەن بولۇپ ، ئون بۇرج ( دەۋرىي بەلگە ) نىڭ ئالتىنچىسى .

⑰ شىم ـ خەنزۇ تىلىدىكى 辛 دىن كەلگەن بولۇپ ، ئون بۇرج ( دەۋرىي بەلگە ) نىڭ سەككىزىنچىسى .

⑱ يوچان ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى . سانسكرىت تىلىدىكى yojana دىن كەلگەن . قەدىمكى ھىندىستاندا پادىشاھنىڭ بىر كۈنلۈك سەپەر يولى بىر « يوچان » دەپ ئاتىلىدىكەن . خەنزۇچە 由旬 دېيىلىدۇ .

⑲ شىرىكىنى ـ بۇ سانسكرىت تىلىدىكى srikanya دىن كەلگەن بولۇپ ، قۇت ئىلاھىنىڭ نامى . خەنزۇچىدە 大吉祥天 دېيىلىدۇ .

⑳ ۋاسۇندارى ـ سانسكرىت تىلىدىكى vasumdari دىن كەلگەن بولۇپ ، يەر ئىلاھىنىڭ نامى . خەنزۇچىدە 坚牢地神 دېيىلىدۇ .

㉑ ماگىشۋارى ـ ئىلاھ نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى maha-isvara دىن كەلگەن بولۇپ ، براھمان ۋە ھىندى دىنىدىكى ئاساسلىق ئىلاھنىڭ بىرى . خەنزۇچىدە 大自在天 دېيىلىدۇ .

㉒ كارساپان ـ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى ، سانسكرىت تىلىدىكى karsāpana دىن كەلگەن . بىر كارساپان 400 مىسقالغا تەڭ دېيىلىدۇ .

㉓ ئون كارماپت ـ « ئون پەرھىز » گە بېرىلگەن ئىزاھقا قاراڭ .

㉔ كىگەي ـ چاق ـ ئەسلى تېكىستتە kigäy دەپ يېزىلغان . ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ خەنزۇچىدىكى 轂 ( چاق ) توغرا كېلىدۇ . لېكىن لۇغەت ئاساسىمىز بولمىغاچقا ، « كىگەي ـ چاق » دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق .

㉕ ئانانتا ـ سانسكرىت تىلىدىكى ānanda ( شادلىنىش ، سۆيۈنۈش ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئانانتا ساكيامۇنىنىڭ ئون چوڭ شاگىرتىنىڭ بىرى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ ساكيامۇنى بىلەن 25 يىل بىللە بولغانىمىش . خەنزۇچە 阿难 ياكى 阿难陀 دېيىلىدۇ .

㉖ ۋىچىراسانى ـ دارنى نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى vajrāsana ( ئالماسلىق تەخت ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن .

㉗ ئىگىر ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 蒲 ، ئۇيغۇرچىسىدە banchana ägir دەپ يېزىلغان . ägir سۆزى ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى « ئىگىر » گە تەڭ . baranchana ئىگىرنىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

㉘ بېدە چېچىكى ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 苜蓿香، ئۇيغۇرچىسىدا haukrunchza karga yïpar yorunchqa دەپ يېزىلغان . بۇ ئىبارىدىكى yïpar yorunchqa بېدە چېچىكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نامى بولسا ، haukrunchza karga بېدە چېچىكىنىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

㉙ ماھابوگا ئىپار ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 麝香 ، ئۇيغۇرچىسىدە kin yïpar mhaboga دەپ يېزىلغان . بۇ ئىبارىدىكى kin yïpar ئىپارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى ، mhaboga بولسا ئىپارنىڭ سانسكرىتچە ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

㉚ ئۆرۈك چېچىكى ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 白及 ( سۇلەپ ) ، ئۇيغۇرچىسىدە ürük chächäki دەپ

يېزىلغان . بىز ئۇيغۇرچىسىغا ئاساسەن تەرجىمىدە « ئۆرۈك چېچىكى » دەپ ئالدۇق .

(211) ئىندىراھاستۇ ( ~ ئىندىراھاستا ) ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 苕藭، ئۇيغۇرچىسىدا indiraxastu indiraxastu chamugasaya دەپ يېزىلغان . بۇ بىرىكمىدىكى « ئىندىراخاستۇ » سانسكرىت تىلىدىكى indiraxastu ( بۇ سۆز ئەسلىي تېكىستتە تەكرارلانغان ) دىن كەلگەن بولۇپ ، گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك نامى . chamugasayu نىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ئېنىق ئەمەس .

(212) ئىت بۇرنى تىكەن يىلتىزى ( ئالقات يىلتىزى ) ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 狗杞根 ، ئۇيغۇرچىسىدە it burnï chimichami tikan tüpi دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى it burni tikan tüpi ئالقات يىلتىزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى نامى . chimichami ئىت بۇرنى ( ئالقات ) نىڭ باشقا تىللاردىكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

(213) يىمەك سىغىزى ( دېۋىرقاي ) ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 松脂 ، ئۇيغۇرچىسىدە siri piwisika yimäk saghïzï دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى yimäk saghïzï دېۋىرقايغا توغرا كېلىدۇ . siriwisika بولسا دېۋىرقاينىڭ سانسكرىتچىدىكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

(214) قىياق ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 香附子 ، ئۇيغۇرچىسىدە mukuytu دەپ يېزىلغان . mukuytu نىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس . خەنزۇچىسىغا ئاساسەن « قىياق » دەپ تەرجىمە قىلدۇق .

(215) قىزىل چىندان ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 檀柟 ، ئۇيغۇرچىسىدە chandaru qïzïl chïntan دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى chanduru سانسكرىت تىلىدىكى candana ( چىندان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن .

(216) ئاق كۈجە ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 婆律膏 ، ئۇيغۇرچىسىدە karasu yörüng küsi دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى yörüng küshi ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى « ئاق كۈجە » گە توغرا كېلىدۇ ، karasu « ئاق كۈجە » نىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

(217) قومۇش چېچىكى ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 苇香 ، ئۇيغۇرچىسىدە anantu yïpar qamïsh دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى yïpar qamïsh ( پۇراقلىق قومۇش ) ھازىر ئىستېمالىمىزدىكى « قومۇش چېچىكى » گە توغرا كېلىدۇ . anantu « قومۇش چېچىكى » نىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

(218) ئەمەن ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 艾纳 ، ئۇيغۇرچىسىدە sirizätash huasi دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى sirizä سۆزىنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس . tash huasi ( تاش گۈلى ) دىكى hua سۆزى خەنزۇچىدىكى 花 دىن كەلگەن . تەرجىمىدە خەنزۇچىسىغا ئاساسەن « ئەمەن » دەپ ئالدۇق .

(219) قارا كۈجە ( ئىللىق كۈجە ، زىرە ) ـ دورا نامى ، ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 安息香 ، ئۇيغۇرچىسىدە lukura qara küsi دەپ يېزىلغان . ئۇيغۇرچە ئاتالغۇدىكى lukura « قارا كۈجە » نىڭ باشقا تىللاردىكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن .

(220) پۇش يۇلتۇزى ـ بۇ ئاتالغۇدىكى « پۇش » سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى pusya سۆزىدىن كەلگەن

بولۇپ، 28 يۇلتۇزنىڭ بىرى. «پۇش يۇلتۇزى» ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 布洒星 دېيىلگەن.

㉑ چىكىن – ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 肘 (جەينەك) دېيىلگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن «چىكىن ياكى جەينەك» دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

㉒ ۋىھار – سانسكرىت تىلىدىكى vihāra دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، «ئىبادەتخانا» دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز كۆپىنچە «ساڭرام» سۆزى بىلەن «ۋىھار ساڭرام» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

㉓ ساڭرام – سانسكرىت تىلىدىكى sanghārāmā (كۆپ ھويلا) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆز ئەسلىدە «راھىبلار ئۈچۈن سېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئورنى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. كېيىن ئىبادەتخانىغا قاراشلىق يەر – زېمىن، ئۆي – ئىمارەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئىبادەتخانىنى كۆرسىتىدىغان بولغان. خەنزۇچىدە 僧伽蓝 دېيىلىدۇ.

㉔ نانىدى – سانسكرىت تىلىدىكى nanda (شادلىنىش) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ ئاتالغۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 牧牛欢喜女 دېيىلگەن، ئۇيغۇرچىسىدە بولسا udachï qïz (ئۆي باققۇچى قىز) دېيىلگەن.

㉕ شاستىر – بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى sastra دىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «سۇترا» نىڭ تەپسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

㉖ پراتياپاتى – ئىلاھ نامى، سانسكرىت تىلىدىكى prajapati دىن كەلگەن. ئۇ ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى ياراتقۇچى ئىلاھلار توپىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ئىلاھلار توپىدىكى ئىلاھلارنىڭ سانىغا قارىتا ئوخشاشمىغان شەرھلەر بار: بەزىدە يەتتە دېيىلسە، بەزىدە 11 دېيىلىدۇ. خەنزۇچىدە 生主 ياكى 大世主 دېيىلىدۇ.

㉗ چاكىر – سانسكرىت تىلىدىكى cakra دىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمدىكى بىر خىل ئۇرۇش قورالىنىڭ نامى. «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خەنزۇچىسىدە 铁轮 دېيىلگەن.

㉘ سۋاھا – سانسكرىت تىلىدىكى svāhā دىن كەلگەن بولۇپ، «بەخت تىلەش» دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز ئادەتتە «بەخت تىلەش»، «تىلاۋەت قىلىش» نى ئاخىرلاشتۇرغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

㉙ يىمان – بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسىنى ھازىرچە ئېنىقلىيالمىغاچقا، تەرجىمىدە ئەينەن ئېلىپ قويدۇق.

㉚ تۆت تۈرلۈك قۇت – بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، شىراۋاك 声闻 قۇتىدىكى (دەرىجىسىدىكى) تۆت خىل ئايرىمچىلىقنى كۆرسىتىدۇ. تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، خەنزۇچە 《佛学大典》 (مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى، 1984) نىڭ 385 – بېتىدىكى 四果 دېگەن ئاتالغۇغا بېرىلگەن ئىزاھتىن پايدىلىنىڭ.

㉛ ساراسۋاتى – سانسكرىت تىلىدىكى srasvati دىن كەلگەن. بۇددا دىنىدىكى 20 دانىشمەن تەڭرىنىڭ ئونىنچىسىنىڭ ئىسمى. خەنزۇچىدە 大辩才天 دېيىلىدۇ.

㉜ ئانانتاراس – بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، سانسكرىت تىلىدىكى ānantarya دىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا دىنىدا چەكلەنگەن ئىش – ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

㉝ سەككىز تارماقلىق پەرھىز – بۇددا دىنى ئاتالغۇسى، ئەسلىي تېكىستتە säkiz tüzün bachagh chahshapt دەپ يېزىلغان. ئۇ، بۇددا دىنىدا مۇرىتلار (راھىب بولمىغان) ئۈچۈن بەلگىلەنگەن سەككىز تۈرلۈك پەرھىزنى

كۆرسىتىدۇ . ئۇلار تۆۋەندىكىچە : ① جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ② ئوغرىلىق قىلماسلىق ③ زىناخورلۇق ھەۋىسىدە بولماسلىق ④ باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىماسلىق ⑤ ھاراق ـ شاراب ئىچمەسلىك ⑥ ھەشەمەتلىك كارىۋاتتا ياتماسلىق ⑦ زىبۇ ـ زىننەتكە بېرىلمەسلىك ۋە ئۇسسۇل كۆرمەسلىك ، ناخشا ئاڭلىماسلىق ⑧ چەكلەنگەن تائاملارنى يېمەسلىك . خەنزۇچىدە 八关斋戒 ياكى 八戒 دېيىلىدۇ .

(234) چىرايلىق ئورۇندۇق ( ـ ئېسىل كۇرسى ) ـ بۇ بىرىكمە ئەسلىي تېكىستتە sutsi دەپ يېزىلغان . بۇ سۆزنى بىز ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 胜座 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارىدۇق ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن يۇقىرقىدەك تەرجىمە قىلدۇق .

(235) سىسلاڭ ـ ئەسلىي تېكىستتە sïsïlang دەپ يېزىلغان . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسىنى ھازىرچە ئېنىقلىيالمىغاچقا ، تەرجىمىدە « سىسلاڭ » دەپ ئەينەن ئالدۇق .

(236) ئاق ئاي ـ ئەسلىي تېكىستتە yörüng ay دەپ يېزىلغان . ئۇ ھىندى كالېندارى بويىچە ھەر بىر ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ( ئالدىنقى 15 كۈننى ) كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 白月 دېيىلىدۇ .

(237) بەش تۈرلۈك رەڭدىكى يىپ ـ كۆك ، سېرىق ، قىزىل ، ئاق ، قارىدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭ ئارىلاشتۇرۇلغان يىپنى كۆرسىتىدۇ .

(238) ئۇماي ـ ئىلاھ نامى ، ئانىلار ۋە بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئىلاھنى كۆرسىتىدۇ .

(239) بۇغداي ـ ئەسلىي تېكىستتە tarïq دەپ يېزىلغان . tariq سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « زىرائەت ، ئاشلىق » دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ . لېكىن بۇ يەردە tariq سۆزى ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 麦 گە تەڭلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان . شۇڭا بىز ئۇنى تەرجىمىدە « بۇغداي » دەپ بىر تەرەپ قىلدۇق .

(240) ئاستىدا ياستىرىش ـ (132) ئىزاھقا قاراڭ .

(241) يۇمشاق يەل ـ شامال ـ ئەسلىي تېكىستتە yumshak bulït ( يۇمشاق بۇلۇت ) دەپ يېزىلغان . بۇ بىرىكمە ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 和风 دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ . ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى ۋە كونتېكىستكە ئاساسەن yumshak bulït نى « يۇمشاق يەل ـ شامال » دەپ تەرجىمە قىلدۇق .

(242) راچاشاستىر ـ (225) ئىزاھقا قاراڭ .

(243) راتناسىكى ـ بۇرخان نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى ratnasikhin دىن كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرىكى كالپتىكى 999 ـ بۇرخاننى كۆرسىتىدۇ .

(244) كاراسا ـ سانسكرىت تىلىدىكى kasūya ( ئارىلاشما رەڭ ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئادەتتە ئۇ بۇددا راھىبلىرى كىيىپ يۈرىدىغان تونىنى كۆرسىتىدۇ .

(245) ئاكسوبى ـ بۇرخان نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى aksobhga ( قىمىرلىمايدىغان ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئاكسوبى شەرقتىكى « شادلىق دۇنياسى » دا تۇرارمىش .

(246) ئۇداكانىسانتى ـ سانسكرىت تىلىدىكى udakanisyanda دىن كەلگەن بولۇپ ، « سۇ ئاقار ، ئاقار سۇ » دېگەن مەنىدە . بۇ يەردە خاس ئىسىم بولۇپ كەلگەن ، يەنى « دىۋائىندىراپرابى » ئاتلىق تېۋىپنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى .

(247) كەسىن ـ قەدىمكى ھىندىلار بىر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلگەندىن سىرت ، يەنە ھەر ئىككى ئاينى بىر جۈپ قىلىپ ئالتە بۆلەككە ئايرىغان . مۇشۇ بۆلەك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « كەسىن » دەپ ئاتالغان . بۇ ئاتالغۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 节 دېيىلگەن .

(248) راشىرۋارت ــ بىر خىل رەڭنىڭ نامى ، ئۇ سانسكرىت تىلىدىكى rajavarta دىن كەلگەن . بۇ سۆز ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 绀青色 ( توق كۆككە قىزىل ئارىلاشقان رەڭ ) گە توغرا كېلىدۇ .

(249) شاكى ~ ساكى ــ سانسكرىت تىلىدىكى sakya دىن كەلگەن بولۇپ ، بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى چىققان ئۇرۇقنىڭ نامى .

(250) ئالتۇن قۇلۇپ ــ ئەسلى تېكىستتە soo altun دېيىلگەن . بۇ بىرىكمىدىكى soo سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى 锁 ( قۇلۇپ ) تىن كەلگەن . soo altun ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدىكى 金铤 غا توغرا كېلىدۇ . خەنزۇچە بۇ بىرىكمىدىكى 铤 سۆزى قەدىمدە مەخسۇس قېلىپتا قۇيۇلغان ئالتۇن ياكى كۆمۈش نوكچىلارنى كۆرسىتىدۇ . بىز ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىغا ئاساسەن soo altun نى « ئالتۇن قۇلۇپ » دەپ تەرجىمە قىلدۇق .

(251) چامبۇنات ئالتۇن ــ بۇ بىرىكمىدىكى « چامبۇنات » يەر نامى بولۇپ ، سانسكرىت تىلىدىكى jambunada دىن كەلگەن . « چامبۇنات ئالتۇن » ئاشۇ « چامبۇنات » دېگەن جايدىن چىققان ئالتۇننى كۆرسىتىدۇ .

(252) ئۈچ تۈرلۈك قۇتۇلۇش ئىشىكى ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، بۇددا دىنىدا ديان ( سۈكۈتتە تۇرۇش ) نىڭ بىر خىلى . بۇ ئاتالغۇ ئەسلى تېكىستتە ( üq türlüg ) qutrulmaq qapïqï دەپ يېزىلغان . ئۇ ① يوق قۇرۇق ئارقىلىق قۇتۇلۇش ② يوق كۆرۈم ئارقىلىق قۇتۇلۇش ③ ئارزۇ ــ ھەۋەسسىز بولۇش ئارقىلىق قۇتۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ . بۇددا دىنىدا بۇ ئۈچى « نىرۋان » غا كىرىشنىڭ ئىشىكى دەپ قارىلىدۇ . خەنزۇچىدە 三解脱 ياكى 三解脱门 دېيىلىدۇ .

(253) يەتتە ئايلىنىشلىق ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ساكيامۇنى بۇددا نوم ــ قانۇننى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن يەتتە قېتىم تەرغىب سەپىرىگە چىققان . « يەتتە ئايلىنىشلىق » ئەنە شۇ يەتتە قېتىملىق سەپەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ساكيامۇنىنىڭ بۇ تەرغىب سەپىرى ئۈچ قېتىم بولغان دەپمۇ ئېيتىلىدۇ . شۇڭا ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىدە 三转 ( ئۈچ ئايلىنىشلىق ) دېيىلگەن . بىز ئۇيغۇرچىسىغا ئاساسەن « يەتتە ئايلىنىشلىق » دەپ ئالدۇق .

(254) ئۈچ تۈرلۈك ئىش ــ ئەمەل ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئۇ ئەتئۆز ( بەدەن ) ئىش ــ ئەمەلى ، تىل ئىش ــ ئەمەلى ، كۆڭۈل ئىش ــ ئەمەلىنى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 三业 دېيىلىدۇ .

(255) سەككىز تۈرلۈك قۇتۇلۇش ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . ديانىنىڭ بىر خىلى بولۇپ ، سەككىز تۈرلۈك ديان ئارقىلىق ئۆزگىلىك ۋە ئۆزگىسىز نەپسىدىن ئۆزىنى تارتىشنى كۆرسىتىدۇ . تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماقچى بولسىڭىز ، 《宗教词典》 نىڭ 39 ــ بېتىدىكى 八背舍 دېگەن ئاتالغۇغا بېرىلگەن ئىزاھاتنى پايدىلىنىڭ . بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچىدا يەنە 八解脱 دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

(256) كانتارۋى ( ~ گاندارۋى ) ــ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ⑰ ــ ئىزاھاتنى پايدىلىنىڭ .

(257) كىنارى : سانسكرىت تىلىدىكى kimnara دىن كەلگەن . « كىنارى » ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى بىر ئىلاھنىڭ نامى . ئۇ ئىنسان بەدەنلىك ئات باشلىق ياكى ئات بەدەنلىك ئىنسان باشلىق ئىلاھمىش . خەنزۇچىدە 紧那罗 دېيىلىدۇ .

(258) ۋىپاسى ــ بۇددا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى vipasyin خىلمۇخىل كۆزىتىش دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن يەتتە ئىلاھنىڭ بىرىنچىسى . خەنزۇچىدە 毗婆尸佛 دېيىلىدۇ .

(259) شىكى : بۇددا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى sikhin دىن كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن

يەتتە بۇرخاننىڭ ئىككىنچىسى . خەنزۇچە 尸弃佛 دېيىلىدۇ .

(260) ۋىسبابۇ ـ بۇددا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى visrabbü دىن كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن يەتتە بۇرخاننىڭ ئۈچىنچىسى . خەنزۇچە 毗舍婆佛 دېيىلىدۇ .

(261) كاركاسۇندى ـ بۇددا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى krakucchanda دىن كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن يەتتە بۇرخاننىڭ تۆتىنچىسى . خەنزۇچىدە 拘楼孙佛 دېيىلىدۇ .

(262) كاناكامۇنى ـ بۇددا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى kanakamuni دىن كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن يەتتە بۇرخاننىڭ بەشىنچىسى . خەنزۇچىدە 拘那含佛 دېيىلىدۇ .

(263) كاسىپ ـ بۇددا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى kūspaya دىن كەلگەن بولۇپ ، ئىلگىرى ئۆتكەن يەتتە بۇرخاننىڭ ئالتىنچىسى . ئۇ ساكيامۇنىنىڭ ئۇستازى . ساكيامۇنىغا كەلگۈسىدىكى بۇددالىق ھۆكمىنى بەرگەن . خەنزۇچىدە 迦叶佛 دېيىلىدۇ .

(264) يەتتە ئاتا ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، ئەسلىي تېكىستتە yiti ata qang ( يەتتە ئاتا ) دەپ يېزىلغان . ئۇ ئىلگىرى ئۆتكەن « يەتتە بۇرخان » نى كۆرسىتىدۇ . خەنزۇچىدە 七佛 دېيىلىدۇ .

(265) شىمنۇ ـ سوغدى تىلىدىكى smnw دىن كەلگەن بولۇپ ، « جىن ـ ئالۋاستى » دېگەن مەنىدە .

(266) گۈەن شىيىن ـ بودساتۋا نامى ، ئەسلىي تېكىستتە qunxiim دەپ يېزىلغان ، qunxiim خەنزۇ تىلىدىكى 观世音نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى . گۈەن شىيىن بۇددا دىنىدا ناھايىتى مېھرى ـ شەپقەتلىك بودساتۋا دېيىلىدۇ . قايسى بىر جانلىق جەبرى ـ زۇلۇمغا ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا ، ئۇ چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال پەيدا بولۇپ ، شۇ جانلىقنى جەبرى ـ جاپادىن قۇتقۇزارمىش .

(267) مانجۇشرى ـ بودساتۋا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى manjusri ( گۈزەل ئەخلاق ، گۈزەل قۇت ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ ساكيامۇنىنىڭ سول قول ياردەمچىسى بولغانمىش . بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ، ئۇ « ئەقىل ـ ئىدراك » نىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ . خەنزۇچىدە 文殊师利 دېيىلىدۇ .

(268) سامانتابادرى ـ بودساتۋا نامى ، سانسكرىت تىلىدىكى samantabhadra دىن كەلگەن . ئۇ ساكيامۇنىنىڭ ئوڭ قول ياردەمچىسى بولغانمىش . خەنزۇچە 普贤 دېيىلىدۇ .

(269) ماركاتراھتا ـ سانسكرىت تىلىدىكى mārakata دىن كەلگەن بولۇپ ، « يېشىل رەڭ » دېگەن مەنىدە . كونتېكىستتە « يېشىل رەڭلىك گۆھەر » نى كۆرسىتىدۇ .

(270) شازىن ـ بۇددا دىنى ئاتالغۇسى ، سانسكرىت تىلىدىكى sasana دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، « بۇددا تەلىماتى ، بۇددا يارلىقى ؛ ئىنتىزام ، قائىدە » دېگەن مەنىدە . بۇ سۆز « ئالتۇن يارۇق » تا shazin ، shasan ، shasin شەكىللىرىدە كۆرۈلىدۇ .

(271) سەمىرگۈك ـ قۇش نامى ، مەھمۇد قەشقەرى بۇ سۆزنى ( « دىۋان » دا sämürgük دەپ يېزىلغان ) بۇلبۇلغا ئوخشايدىغان بىر قۇشنىڭ نامى ( بالاساغۇن تىلىدا ) دەپ ئىزاھلىغان . « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، ئۇيغۇرچە II توم 423 ـ بەت .

(272) ئىنئام قىلىنىدىغان ئەتئۆز : بۇددا دىنى ئاتالغۇسى . « ئۈچ ئەتئۆز » نىڭ بىرى . ئەسلىي تېكىستتە baushin دەپ يېزىلغان ، baushin خەنزۇ تىلىدىكى 报身 نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى . مۇشۇ ئاساسقا ئاساسەن baushin نى « ئىنئام قىلىنىدىغان ئەتئۆز » دەپ تەرجىمە قىلدۇق .

## پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار :


مەھمۇد قەشقەرى : « تۈركىي تىللار دىۋانى » ، ئۇيغۇرچە ، I ، II ، III توم ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىل نەشرى .

ئىسرايىل يۈسۈپ قاتارلىقلار : « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايتىرى سىمىت » I ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .

دىڭ فۇباۋ : « بۇددىزمشۇناسلىق لۇغىتى » ، خەنزۇچە ، مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل نەشرى .

رېن جىيۇ قاتارلىقلار : « دىن لۇغىتى » ، خەنزۇچە ، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى .

بېسىم ئاتالاي : « دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك » نىڭ ئىندېكسى ، تۈركچە ، 1943 ـ يىل نەشرى .

ئا . جاپپار ئوغلى : « قەدىمكى ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە سۆزلۈك » ، تۈركچە ، 1968 ـ يىل نەشرى .

« قەدىمكى تۈركچە ـ رۇسچە لۇغەت » رۇسچە ، 1969 ـ يىل نەشرى .

كلاۋسون : « X III ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى » ئىنگلىزچە ، 1972 ـ يىل نەشرى .

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى « ئالتۇن يارۇق » نىڭ ئەسلى قولىيازمىسىدىن ئىككى بەتنىڭ فاكسىملى





# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى « ئالتۇن يارۇق » نىڭ مىخ مەتبەئە نۇسخىسى 5 ـ جىلدىنىڭ فاكسىمىلى

V. 1a. — 345 —



V. 1b. — 346 —



[illegible]



[illegible]



[illegible]

V. 5a.



[illegible]

V. 5b.



[illegible]

V. 6a.



[illegible]

V. 6b.



[illegible]

V. 7a.



[illegible]

V. 7b.



[illegible]

V. 8a.





V. 8b.





V. 9a.





V. 9b.



V. 10a.



V. 10b.

V. 11a.



V. 11b.



V. 12a.

V. 12b.



[illegible]

V. 13a.



[illegible]

V. 13b.



[illegible]

V. 14a.



[illegible]

V. 14b.



[illegible]

V. 15a.



[illegible]

V. 15b.

— 374 —

[illegible]

V. 16a.

— 375 —

[illegible]

V. 16b.

— 376 —

[illegible]

V. 17a.



[illegible]

V. 18a.



[illegible]

V. 19a.



[illegible]

V. 19b.



V. 20a.



V. 20b.

V. 21a.

[illegible]



V. 21b.

[illegible]



V. 22a.

[illegible]

V. 24a.



V. 24b.



V. 25a.

[illegible]



[illegible]



[illegible]

*



*

V. 30a.



[illegible]

○

v.30b.



[illegible]

○

مەسئۇل مۇھەررىر : **مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**
تېخرىداكتور : **ئەخمەت ھېمىت**
مەسئۇل كوررېكتورى : **ئادالەت مەخسۇت**

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى
# « ئالتۇن يارۇق »

ش ئۇ ئا ر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش،
نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە ئۇيۇشتۇرغان
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : **تۇرسۇن ئايۇپ ، مۇھەممەترېھىم سايىت**
تەكلىپ قىلىنغان مۇھەررىر : **ئىسراپىل يۇسۇپ**
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازاتلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
خۇاچىڭ پەن ـ تېخنىكا مەتبەئە شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى 38.625 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1000 — 1
ISBN 7 - 228 - 06622 - 7/K. 940
باھاسى: ¥15000



ISBN 7-228-06622-7

9 787228 066223 >

ISBN7 - 228 - 06622 - 7
K·940(民文)定价：¥15000